# ئاسارەتتىكى شەرقىي تۈركىستان



ئاسارەتتىكى شەرقىي تۈركىستان

دولقۇن ئەيسا

دولقۇن ئەيسا

# ئاسارەتتىكى شەرقىي تۈركىستان

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى نەشر قىلدى

*شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ قەھرىمانى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىداكار ئوغلانى، مۇتەپەككۇر، ئالىم ئىزامىددىن ھۈسەيىننىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن!*

*— ئاپتور*

# ئاسارەتتىكى شەرقىي تۈركىستان

## دولقۇن ئەيسا

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى نەشر قىلدى

Landwehr str . 17 . R g b 8033
MUNCHEN – GERMANY

## كىرىش سۆز

ۋەتىنىمىز ئاسارەت ئاستىدا بولغان 50 يىلدىن بۇيان، خىتايلار تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈلمەكتە بولغان زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە داۋام قىلماقتا. بۇ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە پەقەت سىياسىي ساھەدىلا ئەمەس، بەلكى دىنىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا ھەر ساھەدە يۈرگۈزۈلمەكتە. ئەمما شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭمۇ بۇنىڭغا قارشى ھايات - ماماتلىق كۈرىشى داۋام قىلماقتا. بۇ زۇلۇم ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش خاتىرىسىنى يېزىش ۋە ۋاقتىدا ئۆزخەلقىمىزگە، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزۈش ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولماقتا.

ئۆزخەلقىمىزگە يەتكۈزۈش دېمەك، بىلمىگەنلەرگە بىلدۈرۈش، بىلگەنلەرگە خاتىرىلىتىش دېمەكتۇر. دۇنياغا بىلدۈرۈش بولسا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر

ئەھۋاللارنى ، دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن قانلىق پاجىئەلەرنى ئۇلارغا ئاڭلىتىپ ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت .

شەرقىي تۈركىستاندىكى پاجىئەلىك ئەھۋاللارنى تولۇق يېزىپ چىقىش بىر ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئاددى ئىش ئەمەس ، بەلكى ئۇنى قانچىلىغان ئادەملەرنىڭمۇ مىڭلارچە سەھىپىگە يېزىپ تۈگىتىپ بولالىشى ناتايىن . بۈگۈنگە قەدەر يېزىلىپ ئېلان قىلىنغان كىتاب ، ماقالىلارمۇ پەقەتلا ئاپتورلارنىڭ كۆرگەن ، بىلگەن ياكى ئاڭلىغانلىرىدىنلا ئىبارەت ، خالاس . قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپتا يېزىلغىنىمۇ شۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . ئەمما ئاپتورنىڭ بۇ كىتابتا يازغىنى ئاساسەن ئۇنىڭدىن ياكى بۇنىڭدىن ئاڭلىغان ئىشەنچىسىز رىۋايەت خاراكتېرلىك ، ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان خەۋەرلەردىنلا ئىبارەت بولماستىن ، نۇرغۇنلىرى شەخسەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ياكى بىۋاستە ئۆزى ئىشتىراك قىلغان ۋەقەلەردىن ئىبارەت بولۇپ ، مەلۇم ئىلمىي سەۋىيەگە ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان ئىشەنچلىك مەلۇماتلاردۇر .

كىتابنىڭ ئاپتورى دولقۇن ئەيسا ، ئىلمىي ۋە سىياسىي ساھەدە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان ، ئىقتىدارلىق تەشكىلاتچى ، يېتىشىۋاتقان سىياسىي پائالىيەتچى ۋە زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرسىدۇر . دولقۇن ئەيسا ۋەتەندىكى



ۋاقتىدىلا يەنى 1985 - يىللىرىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ساۋاقداش دوستلىرى بىلەن بىرگە ياشلارنى تەشكىللەش ، يىغىن ئۇيۇشتۇرۇش ، نامايىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ، ياشلارنى تەربىيەلەش ... قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەكتەپتىن قوغلانغان ، سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان . 1994 - يىلى ۋەتەندىن ئايرىلىپ تۈركىيەگە كەلگەن . تۈركىيەگە كەلگەن كۈنىدىن باشلاپلا سىياسىي ۋە ئىلمىي پائالىيەتكە كىرىشىپ ، شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچى ياشلار بىرلىكىنى قۇرغان ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلغان . نۇرغۇن سىياسىي ماقالىلارنى يازغان . ئىلمىي ۋە سىياسىي يىغىنلاردا لېكسىيە سۆزلىگەن . 1996 - يىلى گېرمانىيەگە بېرىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن . دولقۇن ئەيسا 1 - 2 - قېتىملىق « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى بولغان ، 2000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - 15 - كۈنلىرى ئېستونىيەنىڭ تاللىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن « 3 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغان .

دولقۇن ئەيسا قۇرۇلتاي رەئىسلىك ۋەزىپىسىنىڭ سىرتىدا يەنە باشقا ئىلمىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە .

بۈگۈن ھۆزۈرىڭىزغا تەقدىم قىلىنىۋاتقان بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ ھەر تۈرلۈك سىياسىي ۋە ئىلمىي يىغىنلاردا سۆزلىگەن بىر قىسىم ماقالىلىرىدىن ئىبارەت .

دولقۇن ئەيسانىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىلمىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن .

*ئابدۇلجېلىل تۇران*

*2001 - يىل - 1 - ئاي ئىستانبۇل*



## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................ 1

مۇقەددىمە ........................ 1

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مائارىپ سىياسىتىنىڭ
ماھىيىتى ........................ 6

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى
كۆرەشلىرى ........................ 17

شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتىنىڭ
باشلىنىشى ۋە ئالاھىدىلىكى ........................ 35

شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ مىللىي ئازاتلىق
كۈرىشىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى ........................ 60

ئۈچ ئەپەندى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ياشلار
ھەرىكىتىدىكى تەسىرى ........................ 70

بىرلىشىشنى تىزلىتىپ ، تەشكىلىي قۇرۇلمىمىزنى
كۈچەيتەيلى ........................ 78

شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈرك دۇنياسىدىكى ئورنى ........................ 85

ۋەتەن سىرتىدىكى ئىنقىلابىمىز ۋە ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى
جىددىي ۋەزىپىسى ........................ 102

# مۇقەددىمە

ۋەتەندىن ئايرىلىپ، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقىنىمغىمۇ بىرقانچە يىل بولدى. بۇ جەرياندا مەيلى دۇنيادا بولسۇن، مەيلى شەرقىي تۈركىستاندا بولسۇن، ئۇنتۇلغۇسىز ۋەقەلەر ۋە ھادىسىلەر بولۇپ ئۆتتى. مەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ئەركىن دۇنياغا قەدەم بېسىپ، ھۆر - ئەركىن بىر مىللەتنى، مۇستەقىل بىر دۆلەتنى كۆرۈپ، ئۆز مىللى بايرىقى ئاستىدا ياشىغان بىر مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى ھېس قىلىپ، « ۋەتەن » سۆزىنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى چۈشەنگەن ئىدىم ۋە بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا ۋەتەنگە، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىش - تۇيغۇلىرىمنى خاتىرەمگە تۆۋەندىكىدەك ئېلىپ قويغان ئىدىم.

« مەن ئۇلۇغ ھەم بىچارە ۋەتىنىمدىن ئايرىلىپ، ئۆزگىلەر يۇرتىدا سەرسانلىق ھايات باشلىغىنىمغا بىرقانچە كۈن بولۇپ قالدى. ئەركىن بىر مىللەتنى كۆردۈم، مۇستەقىللىقنىڭ، ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقى چۈشەنگەندەك بولدۇم. بىر تەرەپتىن ئۆز بايرىقى ئاستىدا مەغرۇر ياشاۋاتقان بۇ مىللەتكە قاراپ مەسلىكىم كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەندە بىر ھەسەت قوزغالدى. خەلقىمنىڭ دەھشەتلىك، ئېچىنىشلىق ھالەتلىرى، ياش قەلبىمدىكى ھەسرەت، ئېچىنىش تۇيغۇلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتماقتا. مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپلا مىللىتىمنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھۇ - پەريادلىرىنى، نالە بىلەن ئاچچىق ئىڭراشلىرىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن. بۇ ھەسرەت - نادامەتلەر، ئاچچىق چىقىراشلار مىنۇت پەسەيگىنى يوق. تىنىقسىز، نىمجان بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇيغۇر ئۆلمىدى. ھەتتا بەزىدە ئاچچىق چىقىراشلار ئورنىغا، جەڭگىۋار كۈرەش مارشلىرىنى توۋۋلاشتى. دەرمانسىز ھالەتتىن جەڭگىۋارلىققا ئۆتۈپ، ئىنقىلاپ سىگناللىرىنىمۇ چالدى. قىسىپ - قىزىل قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى. قانچىلىغان ئارسلانلار ئارمان بىلەن شەھىد

بولدى. لېكىن ئارقىغا چېكىنمىدى ، قورقۇپ قالمىدى. بەلكىم ئۇچقۇن - يالقۇنغا، شامال - دەھشەتلىك بورانغا ئايلاندى. جەسۇر شەھىدلىرىمىز ئەجەل ۋەھىمىسىگە پىسەنت قىلماي، جاھالەت كىشەنلىرىگە قىلىچ ئۇردى. زۇلۇم ئىشىكلىرىنى دەھشەتلىك قاقتى. ئەپسۇس! ساتقىنلار، خائىنلار، مەككارلار، قانخورلار ھەتتاكى بەزى سېپىرىگەر يولباشچىلار ئۈمىت چىرىقىنى ئۆچۈردى. مىليونلىغان قەلبلەردە قان داغلىرى قالدى. ئىز - دېرەكسىز يوقالغان مىڭلىغان جەسۇر پالۋانلارنىڭ كىشىلەر قەلبىدە ئابىدەلىرى تىكلەندى. كۆڭۈللەردە داستانلار يېزىلدى.

شۇنچە ئېچىنىشلار، ھېساپسىز بەدەللەر ۋە ئاققان قانلار مىنىڭ مىللىتىمنى يۇتۇپ كېتەلىگىنى ھەتتا تەۋرىتەلىگىنى يوق. شۇنچە كۈرەش داستانلىرىنى ياراتقان بۇ مىللەت ئەلۋەتتە باشقا ھۆر مىللەتكە ئوخشاش ھۆر ياشاش، مۇستەقىل ياشاشقا تامامەن ھەقلىقتۇر.

ئۆتمۈشتە شۇنداق جەسۇر ئوغلانلارنى يېتىشتۈرگەن، دەشتى - چۆللەردە شەھىد ئۇستىخانلىرى بىلەن تاغلار ياسىغان، دەريا - دەريا قانلارنىڭ ئېقىشىدىن ھېچ غەيرىلىك ھېس قىلمىغان بۇ ۋەتەن، بۇ مىللەت قانداقمۇ قايتىدىن ئەركىنلىك سىگنالىنى چالماي، تەخىر قىلىپ تۇرالىسۇن؟! بۇ سىگنال شۇنداق چېلىنىدۇكى، ۋەتەننىڭ تاغ - دەريالىرى، پۈتۈن يەر - زېمىن دەھشەتلىك تەۋرەيدۇ. كىشىلەر قەلبىدە ئابىدەلىرى تىكلىنىپ، ئەرشتە — پەرىشتىلەر ھوزۇرىدا، ئىلگىرىكى ئوتلۇق ئارمانلىرى بىلەن ياشاۋاتقان شەھىدلىرىمىزنىڭ روھى قايتىدىن بۇ دۇنياغا — مۇشۇ ۋەتەنگە توپلىنىپ، ۋەتەن يېڭىدىن يېتىشتۈرگەن جەڭگىۋار ئوغلانلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، بىرلىكتە قايتىدىن ھۇررا... لار توۋلايدۇ. ئازاتلىق تۇغلىرىنى كۆتۈرۈپ، ھۇررا.... لار بىلەن كېتىۋاتقان ئەشۇ تەۋرەنمەس، مەرت ئەزىمەتلەر ئىچىدە مەنمۇ بولىمەن. شۇ مىنوتلار ھاياتىمنىڭ ئەڭ



قىممەتلىك، ئەڭ قەدىرلىك خاتىرىسى ۋە ئارمانسىز ۋاقىتلىرىدىن بولىدۇ. شۇ چاغدىلا ئۆزەمنى « چىن ئىنسان » دەپ ھۆرمەت قىلىمەن ».

بۇ خاتىرىلەرنى يېزىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ھەقىقەتەن ۋەتەنىنىڭ پۈتۈن بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە ئىنقىلاپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى. تارىختا كۆرۈلمىگەن مىللىي ئويغىنىش مەيدانغا كەلدى. پۈتۈن ۋەتەننى زىل - زىلىگە سالغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنىمۇ شەرقىي تۈركىستانغا بۇرىغان « غۇلجا ئىنقىلابى » ، « خوتەن قوزغىلاڭلىرى » پارتلاپ، ۋەتەننىڭ ھەممە جايلىرىغىچە كېڭىيىپ، ۋەتەندە ئومۇميۈزلۈك قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالدى. مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىز يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي كۈرىشىمىزدىمۇ يېڭى بۇرۇلۇشلار، زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى.

شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تېز سۈرئەتتە خەلقئارالىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى، ئۇيغۇر مەسىلىسى ئامېرىكا پارلامېنتىدىن تارتىپ، ياۋروپا پارلامېنتىغا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇنبەرلىرىدە سۆزلىنىدىغان مۇھىم مەسىلە ھالىغا كەلدى. ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. تەشكىلاتلار تارقاقلىقتىن بىرلىشىشكە قاراپ ماڭدى. بولۇپمۇ ياشلىرىمىز مىللىي داۋايىمىزدىكى جاۋابكارلىقنى تونۇپ يېتىپ، مىللىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ، پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك بىرلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئەمما ئۇزۇن زاماندىن بۇيانقى مىللىي ھەرىكىتىمىز جەريانىدا ياشلىرىمىزنى ئۆتكەن ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىلىرى بىلەن يېتىشتۈرۈش تولىمۇ يېتەرسىز قالدى، ئەھمىيەت بېرىلمىدى.

مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ نەزىرىيەۋى ئاساسى تۇرغۇزۇلۇپ، پىرىنسىپلىرى بەلگىلىنىپ، مىللىي ئىنقىلابىمىزنىڭ ۋارىسلىرى سىستېمىلىق تەربىيىلەپ چىقىلمىدى. نەزىرىيەۋى جەھەتتىكى بۇ بوشلۇق، ئىتتىپاقسىزلىق، تارقاقلىق ۋە گاڭگىراشنىڭ ئاساسلىق ئامىلى بولۇپ كەلدى. ۋەتەندە يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان مىللىي كۆرەشلەر، ئىنقىلابلار سىستېمىلىق خاتىرىلەنمىدى ۋە بۇ ئىنقىلابلار تەكشۈرۈلۈپ، تەتقىق قىلىنىپ خۇلاسە قىلىنمىدى. تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلەنمىدى. ھەتتا ئۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەقەلەر، ھادىسىلەر ۋە قەھرىمان شەھىدلار كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. نەتىجىدە ياشلىرىمىز ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئىنقىلابى تارىخىمىزنىڭ ئۆتمۈشىدىن، ۋەقەلەردىن خەۋەرسىز قېلىپ، گويا ئۆتمۈشتە ھېچ ئىنقىلاپ بولمىغاندەك ھېس قىلىپ، ئۆتكەنلەردىن، ئىلگىرىكىلەردىن رەنجىش، ئەپرەتلىنىش تۇيغۇلىرى پەيدا بولۇپ كەلدى. بۇ ھال ياشلىرىمىزنىڭ ئىنقىلابى روھىغا بەزىدە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. مەن بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى قىسمەن بولسىمۇ تولدۇرۇش مەقسىتىدە بەزى ماقالىلارنى يېزىپ، مىللىتىمنىڭ ھوزۇرىغا سۇنغان ئىدىم. بۇ كىتاپتىكى ماقالىلار مېنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن چەتئەلدىكى ھەر خىل تىلدىكى گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان ۋە كونفرانسلارغا سۇنغان ماقالىلىرىم بولۇپ، چېچىلىپ يۈرگەن بۇ ماقالىلارنى توپلاپ ـ رەتلەپ كىتاپ ھالىغا ئەكىلىپ نەشىر قىلىشنى پايدىلىق كۆردۈم. مېنىڭ بۇ پىكرىم بىرقانچە يىل ئىلگىرى تۇغۇلغان بولسىمۇ، ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن بۈگۈنگە نېسىپ بولدى. كىتاپتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى كۆرەشلىرى ناملىق ماقالە 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىستانبۇلدا ئېچىلغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋاپاتىنىڭ 920 ـ يىلى ۋە شەرقىي تۈركىستان ناملىق



ناملىق يىغىن ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە 1949 ـ يىلى كوممۇنىست خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان 45 يىلدىن بۇيانقى، ۋەتەندە بولۇپ ئۆتكەن ئىنقىلابلار، كۆرەشلەر ۋە سىياسىي ۋەقەلەرنى يىغىنچاقلاشقا تىرىشقان ئىدىم. بۇ ئەسەر يېزىلغاندىن كېيىن، بۈگۈنگىچە ۋەتەندە غۇلجا ئىنقىلابى ، خوتەن ئىنقىلابى ، ئاقسۇ ۋەقەسى قاتارلىق ئۇرغۇنلىغان ئىنقىلابلار، كۆرەشلەر بولۇپ ئۆتتى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ ماتېرىياللىرىنى توپلاپ رەتلەپ، بۇ كۆرەشلەرنى ئايرىم يېزىپ چىقىش خىيالىم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ماقالە ئەسلىدىكى يېزىلغان شەكلى بويىچە كىتاپتا يەر ئالدى. مېنىڭ بۇ كىتابىم راۋاجلىنىۋاتقان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابى كۆرىشىمىزنىڭ قايناملىرىدىكى بىر تامچە بولالىسا، ئۆزەمنى تولىمۇ بەختىيار ھېس قىلىمەن.

دولقۇن ئەيسا

2000 ـ يىل 7 ـ ئاي ، گېرمانىيە

# خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مائارىپ سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى [1]

كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان 50 يىلدىن بۇيان ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئاسسىمىلاتسىيە نىڭ ئەڭ رەزىل ، ئەڭ ۋەھشى ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ كەلدى . شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ، دىنىي ۋە ئىقتىسادىي ھەقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش بىلەن بىرگە ، مەدەنىي مائارىپ ساھەسىدىمۇ ئەڭ ۋەھشى ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزدى . ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تەبىئىي ھەقلىرىدىن بىرى بولغان بىلىم ئېلىش ۋە تەربىيىلىنىش ھەقلىرىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى تەرۇزغا ۋە تەھدىتكە ئۇچرىماقتا .

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مائارىپىنى يوق قىلىپ ، نادان قالدۇرۇپ ، زېھنى قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ، دۇنيادىن بىخەۋەر قىلىپ باشقۇرۇش سىياسىتى ، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز يىلدىن بۇيان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ھەرقايسى دەۋرلەردىكى بارلىق خىتاي ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئورتاق ستراتېگىيىسى ۋە ئۆزگەرمەس سىياسىتى بولۇپ كەلدى . بولۇپمۇ 1912 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان جاللات ياڭزېڭشىڭ دەۋرىدە مىللەتنى نادان قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىش سىياسىتى رەسمىي قېلىپ شەكلىنى ئېلىپ سىستېمىلىق ھالدا يۈرگۈزۈلدى. پۈتۈن پەننىي مەكتەپلەرنى تاقاپ ، ( ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت پەننىي

[1] بۇ ماقالە خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى گېرمانىيە شۆبىسىنىڭ " شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتە تېرور " نامىدىكى 1999 ـ يىللىق دوكلاتىدا ئېلان قىلىنغان .



مەكتەپلەرنىڭ سانىمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى . ) ساۋاتلىق ئىنسانلاردىن ھەرخىل بانا سەۋەپلەرنى ۋە جىنايەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ تۈرمىلارغا تاشلىدى . مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ يوقاتتى. قۇرئاندىن باشقا ھەرقانداق ئەسەرلەرنى ئوقۇش چەكلەندى. ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ، ئىسلام دىنىمىزنى خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى . خۇراپاتلىق ناھايىتى ئېغىرلىشىپ ، خەلقىمىز نادانلىق ئىچىدە تۇنجۇقتۇرۇلۇپ ، جان بېقىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈلدى . شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى ھېچ قانداق قېيىنچىلىق تارتماستىن 17 يىل ئۆزى خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلغان ئىدى . ياڭزېڭشىڭنىڭ بۇ سىياسىتى ئۇنىڭدىن كېيىنكى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىنمۇ شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشتا چوڭ بىر دەستۇر سۈپىتىدە پايدىلىنىپ ، ئىجرا قىلىنىپ كەلدى .

1933 ـ ۋە 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان 2 قېتىملىق مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىگە كەلگەندىلا ، خەلقىمىز مائارىپنىڭ، بىلىمنىڭ تەمىنى تېتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى . بولۇپمۇ، 1944 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە ، مىللىي مائارىپتا ئالاھىدە گۈللىنىش مەيدانغا كەلدى . ئۇرغۇنلىغان مەكتەپلەر ئېچىلدى . جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى يىللىق مالىيەسىنىڭ ئۈچتە بىرىنى مائارىپ راسخوتى ئۈچۈن سەرپ قىلدى . قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان مىللىي مائارىپىنىڭ يېڭىدىن ئاساسى تىكلىنىپ بولغان ئىدى . ئەپسۇسكى ، 1949 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ ، ئېچىنىشلىق سىياسىي تارىخنى باشلاش بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەمدىلا راۋاجلىنىۋاتقان مىللىي مائارىپىمۇ

يوقۇلۇشقا، نابۇت بولۇشقا قاراپ ماڭدى. كوممۇنىست خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان 50 يىلدىن بۇيان، خەلقىمىزنى نادان قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەرخىل ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ كەلدى. ئۆزئالاھىدىلىكىمىزگە خاس مىللىي مائارىپىمىزنى تامامەن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خىتاي مائارىپ سىستېمىسى يولىغا قويۇلدى.

خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا 50 يىل ئىچىدە ئۈچ قېتىم يېزىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. خەلقىمىزنىڭ مىڭ يىلدىن بېرى ئىشلىتىپ كەلگەن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى، 1964 - 10 - 24 - كۈنى تامامەن چەكلەپ، خىتاي تىلى فونېتىكىسىغا ئۇيغۇن قىلىپ تەييارلانغان لاتىن ئېلىپبەسىگە ئۆزگەرتتى. 1982 - يىلى يەنە قايتىدىن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا دادىسىنىڭ خېتىنى بالىسى، بالىسىنىڭ يازغىنىنى دادىسى ئوقۇيالمايدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا ئوچۇق - ئاشكارا ئىرقچىلىق ۋە چوڭ خىتاي مىللەتچىلىكى نوقتىئىنەزەرى بويىچە مائارىپ سىياسىتى يۈرگۈزمەكتە.

بۇنىڭ مىساللىرىنى تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن ئېنىق كۆرىۋالايمىز:

1 - شەرقىي تۈركىستاندىكى باللار باغچىسىنىڭ سانى 1127 بولۇپ، بۇ باللار باغچىسىدا جەمئى 131 مىڭ 645 نەپەر بالابار. بۇنىڭ ئىچىدە 94 مىڭ 626 نەپىرى خىتاي باللىرى بولۇپ، قالغان 37 مىڭ 19 نەپەر بالا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق يەرلىك خەلقنىڭ باللىرىدۇر. ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 55 پىرسەنتىنى ئىگەللىگەن يەرلىك خەلقنىڭ باللار باغچىسىدىكى سانى 28 پىرسەنت بولسا، نوپۇسنىڭ 45 پىرسەنتىنى



ئىگەللىگەن خىتاي باللىرى 72 پىرسەنتىنى ئىگەللىمەكتە. بۇ باللار باغچىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قارىماي قاتارلىق خىتاي نوپۇسى زىچ بولغان شەھەرلەردە بولۇپ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردە باللار باغچىسىنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز. ناھىيە ۋە يېزىلاردا باللار باغچىسىنى تېپىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يۈزمىڭلارچە ئۇيغۇر باللىرى، باللار باغچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ باللار باغچىسىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 11 مىڭ 961 نەپەر بولۇپ، يالغۇز خىتايلار 9 مىڭ 741 نەپەر يەنى ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 82 پىرسەنتىنى ئىگەللىسە، قالغان يەرلىك خەلق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 2 مىڭ 160 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 18 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ.

2 - باشلانغۇچ مەكتەپ 7494 بولۇپ، جەمئى ئوقۇغۇچى 1 مىليون 842 مىڭ 100 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك خەلقنىڭ ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 1 مىليون 205 مىڭ 627 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 66 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ. خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى 636 مىڭ 473 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 35 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى باللار باغچىسى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ستاتىستىكىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىنكى، خىتاي باللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باللار باغچىسى تەربىيىسى كۆرۈپ، ئاندىن باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. ئۇيغۇر قاتارلىق باشقا مىللەت باللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باللار باغچىسىدا دەسلەپكى تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولماقتا.

ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئورغۇنلىغان يېزا ۋە مەھەللىلەردە مەكتەپ يوق بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرقانچە كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ ، مەكتەپكە بېرىشىغا توغرا كېلىدۇ . بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىن كېيىنكى ئوقۇشتا تېخىمۇ زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ . ئورغۇنلىغان يېزىلاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغاچقا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوقۇش ھاياتىنى باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن تۈگىتىشكە مەجبۇر بولماقتا . شۇنىڭ ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپتە 65 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ ، ئومومىي ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 46 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلسا ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بوسان 36 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالىدۇ . نوپوسى 10 مىڭدىن ئاشقان خېلى چوڭ يېزىلاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يوق جايلار كۆپ . بۇ تۈپەيلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يېزا باللىرىنىڭ 60 پىرسەنتى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشتىن مەھرۇم قالماقتا . قالغان 40 پىرسەنت ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ . ئەمما تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلگەندە بۇساندا زور تۆۋەنلەش يۈز بېرىدۇ. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاندا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر پەقەت شەھەرلەردە ، ناھىيە مەركەزلىرىدە بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ 80 پىرسەنتى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ قاتناش ۋە ئىقتىسادىي سەۋەپلىرى تۈپەيلىدىن شەھەر ۋە ناھىيە بازارلىرىغا كېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. نەتىجىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 10 مىڭلارچە ياش ، ئوتتۇرا ئەسىر ھالىتىدە بولغان يېزىلاردا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكنىڭ قۇربانى بولماقتا .



3 ـ شەرقىي تۈركىستاندىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر 1211 بولۇپ، بۇنىڭدا ئوقۇۋاتقان ئومومىي ئوقۇغۇچى 638 مىڭ 47 نەپەر. ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 295 مىڭ 276 نەپەر بولۇپ ، ئومومىي سانىنىڭ 46 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ . خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى 342 مىڭ 771 نەپەر بولۇپ ، 54 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ .

4 ـ يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر 119 بولۇپ ، ئومومىي ئوقۇغۇچىسى 64 مىڭ 679 نەپەر ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 13 مىڭ 745 نەپەر بولۇپ ، ئومومىي سانىنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ . خىتا ي ئوقۇغۇچىلىرى 51 مىڭ 224 نەپەر بولۇپ ، ئومومىي سانىنىڭ 71 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ . بۇ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتىدە خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى 83 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلسا ، يەرلىك مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئاران 17 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

5 ـ شەرقىي تۈركىشتاندىكى تولۇق ئوتتورا مەكتەپلەر 797 بولۇپ، ئومومىي ئوقۇغۇچى سانى 255 مىڭ 151 نەپەر ، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 92 مىڭ 406 نەپەر بولۇپ ، 36 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ . خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى 162 مىڭ 745 نەپەر بولۇپ ، 64 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ .

يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىنكى ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 1 مىليون 205 مىڭ 627 نەپەر بولغان يەرلىك مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پەقەت 92 مىڭ 406 نەپىرىلا يەنى 7.7 پىرسەنت ئوقۇغۇچىلا تولوق ئوتتوراۋ مەكتەپتە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولماقتا . بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەھەرلەردە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ تەلەيلىك باللىرىدۇر . شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە 60 تىن

ئارتۇق ئوتتورا مەكتەپ بار بولۇپ ، بونىڭ 55 دىن كۆپراقى خىتاي باللىرى ئوقۇيدىغان ئوتتورا مەكتەپلەر، پەقەت 5 مەكتەپلا يەرلىك مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئوتتورا مەكتىۋىدۇر . دېمەك ، نوپوسنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى دېھقان بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تەبئىي ھەققى بولغان بىلىم ئېلىش ، تەربىيىلىنىش ئىنمۇ مەھرۇم ياشاشقا مەھكۇم قىلىنماقتا .

بىزنىڭ يوقىرىدا كۆرسۈتۈپ ئۆتكەن سانلىق مەلۇماتلىرىمىز ، خىتاي رەسمىي دائىرەلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىرىغا ( شىنجاڭ يىلنامىسى 1990 - يىل ، 1279 - بەت ) ئاساسلانغان بولۇپ ، رېئاللىقتىن كۆپ ئوزاق. ئەمەلىيەتتە ھەقىقى ئەھۋال تېخىمۇ پاجىئەلىك ۋە ئېچىنىشلىقتۇر . ئەمما خىتايلار قانچىلىك ساختىلىق قىلىپ ، ھەقىقەتنى يوشورۇپ كىلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگىزىۋاتقان مائارىپ ساھەسىدىكى ئاسسىملاتسىيە ، ئىرقچىلىق سىياسىتىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى پۈتۈنلەي يوشورالمايدۇ .

### شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالى

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سانى 20 بولۇپ ، ئومومىي ئوقۇغۇچى سانى 31 مىڭ 661 نەپەر . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك ئوقۇغۇچىلار ئىنىڭ سانى 18 مىڭ 41 نەپەر، خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 13 مىڭ 620 نەپەر . ئەمما ھەر يىلى ئوتتورا ھېساپ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 90 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ ، مىللىي ئوقۇغۇچىلار 30 ، 35 مىڭ ئەتراپىدا ، خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى بولسا، 60 مىڭ ئەتراپىدا . تولۇق ئوتتورىنى پۈتتۈرگەن يەرلىك مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مە



كتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىشى ھەر يىلى ئوتتورا ھېساپ بىلەن 3500 ئەتراپىدا بولۇپ ، 11 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ . خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىدا بولسا ، ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالىي مەكتەپلەردىن باشقا خىتاينىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدۇ . بۇنى قوشۇپ ھېساپلىغاندا ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى 60 پىرسەنتتىن يوقىرىدۇر .

شەرقىي تۈركىستاندا ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومومىي سانى 17 مىڭ 162 نەپەر ، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 4963 نەپەر بولۇپ ، ئومومىي ساننىڭ 29 پىرسەنتنى ئىگەللەيدۇ. خىتايلار 12 مىڭ 199 بولۇپ ، 71 پىرسەنتنى ئىگەللەيدۇ .

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇ - ئوقۇتۇش تامامەن خىتاي تىلى بىلەن ئېلىپ بېرىلماقتا . پەقەت ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدىلا يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتۈلۈپ كەلگەن ئىدى . ئەمما 1998 - يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ خىتايچە دەرس ئۆتۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ، ئۇيغۇر مۇئەللىملەرنى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىغا خىتايچە دەرس سۆزلەشكە مەجبۇر قىلماقتا .

ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ ۋە ئوتتورا مەكتەپلەرنى تامامەن ئانا تىلىدا ئوقۇغان بولۇپ ، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، بىر يىل مەخسۇس خىتاي تىلى ئۆگىنىدۇ . خىتاي تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى تامامەن باشقا - باشقا تىل سىستېمىسىغا تەۋە تىللار بولغانلىقى ئۈچۈن ، بىر يىلدا خىتاي تىلىنى تامامەن ئۆگىنىپ بولۇش ئېھتىمالى يوق . بۇنداق ئەھۋالدا خىتاي تىلىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزلەشتۈرىشى مۇمكىن ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خىتايچە دەرس سۆزلىشى تولىمۇ مەنتىقىسىز ئەھۋال بولۇپ ، بۇنىڭ ئاستىغا ئىنتايىن يامان سىياسىي غەرەز يوشۇرۇنغان . بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا قەستەن قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىپ ، ئاستا - ئاستا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانىنى تېخىمۇ ئازايتىشنى مەقسەت قىلغان . بۇنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋىتى بولسا ، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى تېزلىتىپ ، مىللىي مائارىپنى تامامەن يوق قىلىشتۇر . ئەمەلىيەتتىمۇ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش سەۋىيىسىنى يوقىرى كۆتەرمەسلىك ئۈچۈن ھەرخىل سۈنئىي توساقلارنى پەيدا قىلماقتا . ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتاب ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنىڭ سانى ۋە تۈرى ئىنتايىن ئاز بەلكى يوق دېيەرلىك . بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار مەجبۇرىي خىتايچە ماتېرىياللارغا زورلانماقتا . شۇنداقلا مىللىي ئوقۇغۇچىلاردا يەنە نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە پراكتىكا قىلىش ئىمكانىيىتى يوق .

ئالىي مەكتەپتە 4 يىل فىزىكا ياكى ماتېماتىكا ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كومپيوتېر ئىشلىتىشنى بىلىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز . تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى ، تەجرىبە خانىلار بولسىمۇ ئۇلاردىن پايدىلىنىش ، ئەمەلىي بىلىمنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتى يوق بولماقتا .

ئالىي مەكتەپلەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ئىشلىرىمۇ ئوخشاشلا توسالغۇغا ئۇچرىماقتا . ئۇيغۇر پروفېسسورلارنىڭ ئاسسىستان قوبۇل قىلىشىغىمۇ ئىقتىسادىي ۋە باشقا سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ قىيىنچىلىق پەيدا قىلماقتا . چەتئەللەرگە بىلىم ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىۋا ن ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇشقا چىقىرىشتا ، مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر ياكى باشقا ئازسانلىق مىللەت بولۇشى زور توسالغۇ بولماقتا .



شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ شارائىتى بىلەن خىتاي مەكتەپلىرىنىڭ شارائىتى ئارىسىدىكى پەرق كىشىنىڭ جىددىي دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدىغان ۋە ئويغا سالىدىغان ئېچىنىشلىق بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرمەكتە . ئۇيغۇر باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ، توپا - كېسەكتىن سېلىنغان بولۇپ ، ئۇرغۇنلىغان سىنىپلارنىڭ دەرىجىسى يوق ، 2 ، 3 كۈنلا ئارقا - ئارقىدىن يامغۇر ياغسا ، سىنىپلاردا دەرس ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس . باللارنى تەتىل قويۇپ بىرىشكە توغرا كېلىدۇ . چۈنكى سىنىپلارنىڭ ئۈستىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كىتىدۇ . 3 ، 4 بال يەر تەۋرەش بىلەن ئۇرغۇنلىغان باللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالى كېلىپ چىقىدۇ . سىنىپلاردا پار بولمىغاچقا قىش ۋاقىتلىرىدا 0 دىن تۆۋەن 30 گىرادوس سوغۇقتا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئىنتايىن قىيىن بولماقتا . بەزى مەكتەپلەر مەشكە ئوت قالاپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرسىمۇ ، ئۇرغۇن مەكتەپلەر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە يېقىلغۇنىڭ يوقلىقى سەۋەبىدىن چارىسىز ھالدا قالماقتا . ھەربىر سىنىپتا 50 ، 60 بالا ئوقۇپ، ئۇزۇنلىقى 120 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۈستەلدە 3 ئوقۇغۇچى ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا توغرا كەلمەكتە . ئەمما ئەھۋال خىتاي مەكتەپلىرىگە كەلگەندە تامامەن باشقىچە . خىتاي مەكتەپلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەۋەتلىك بىنالار بولۇپ ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنىڭ ھېچبىرسى ئۇلاردا مەۋجۇت ئەمەس .

شەرقىي تۈركىستاندىكى مەكتەپلەردە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن مەسىلىلەردىن باشقا مەكتەپلەردىكى سىياسىي تەھدىت ۋە تەقىبلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ نورمال ئوقۇش ھاياتىدا ئەنسىزلىك ۋە ئېغىر روھىي بېسىم پەيدا قىلماقتا . ئوقۇغۇچىلار دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ھەرقانداق بىر

سياسي ياكى ئىجتىمائىي ۋەقەلەرگە قارىتا چۈشەنچىسىنى ، كۆزقارىشىنى ئوتتورىغا قويۇش ياكى تارىخ دەرسىدە ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە سورىغان بىرەر سوئال ياكى تەنەپپۇستا دوسكىغا يېزىپ قويغان شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسى سەۋەبىدىن بىرقانچە يىللاپ تۈرمىگە مەھكۇم قىلىندۇ . بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەردە بوخىل ئەھۋاللار ھەردائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ . ئەڭ كۆلكىلىك ۋە ئېچىنىشلىقى شۇكى، ھازىر شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن ئالىي مەكتەپلەردە ساقچى ئىدارىسى تەسىس قىلىندى . بۇخىل ئەھۋال شەرقىي تۈركىستاندىن باشقا خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە مەۋجۇت ئەمەس . دىكتاتۇرنىڭ بۇخىل ئۇسۇلى سەۋەبىدىن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنى بىرمەكتەپتە ئەمەس ، بەلكى ئۈستى ئۇچەق تۈرمىدا يېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ، بىخەتەر ، خاتىرجەم ئوقۇش مۇھىتىدىن تامامەن مەھرۇم قالماقتا .



# شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىغاقارشى كۆرەشلىرى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا قۇرۇلغان قەشقەرىيە دۆلىتى ( 1864 ـ يىلى ) ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ( 1933 ـ يىلى ) ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ( 1944 ـ يىلى ) قاتارلىق دۆلەتلەر خىتاي ئىمپىراتورلىقى ۋە روس ئىمپىراتورلىقىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە ئالدامچىلىق قىلىشى ، سېتىشى ، ھەربىي جەھەتتە قانلىق باستۇرۇشى نەتىجىسىدە ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان 1949 ـ يىلغا كەلگەندە ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قېلىشتەك ئېچىنىشلىق سىياسىي تارىخىنى باشلىدى.

دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلىك روللارنى ئوينىغان ، ئىنسانىيەت ئالەمىگە مەدەنىيەت تارقاتقان مۇقەددەس زېمىن ــ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىي ئىگىسى بولغان تەلەيسىز ئەمما جەڭگىۋار شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇ پاك زېمىنىنى ــ ۋەتەنىنى مۇستەبىت ، جاھانگىر كۆچلەرنىڭ ناپاك تاپانلىرى بىلەن بۇلغىنىشىغا ، نابۇت قىلىنىشىغا قاراپ تۇرغىنى يوق . بۇ قىسمەتلەرگە باش ئەگكىنى يوق . خەلق زالىم خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى يۈزلەرچە قېتىم قوزغالدى ، مىليونلارچە ئوغۇل ــ قىزلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى ۋەتەن ئۈچۈن ئاقتى .

1949 - يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەندىن تا بۈگۈنگىچە ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن يېنۋاتقان ئىنقىلاب ئوتلىرى بىر كۈنمۇ ئۆچكىنى يوق . 45 يىل جەريانىدا ئىككى يۈز قېتىمدىن ئارتۇق قۇراللىق قوزغىلاڭ ۋە سىياسىي كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتتى .

مەن تۆۋەندە 45 يىل مابەينىدە بولۇپ ئۆتكەن كۈرەشلەر ئىچىدىكى بىر قەدەر چوڭراق بولغان بىر قانچە ئىنقىلاب ھەققىدە توختۇلۇپ ، خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇخلىدىمۇ ــ يوق ؟ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلدىمۇ ــ يوق ؟ قانلار تۆكۈپ قۇربان بەردىمۇ ــ يوق ؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ ئۆتىمەن . 1949 - يىلى 13 - ئۆكتەبىر كۈنى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىردى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان تېرىتورىيىسىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ۋاقىتلاردا ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ ، خىتايلارنىڭ بېسىپ كىرىشىگە يول قويماسلىق مەقسىتىدىكى كۈچلۈك قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بەردى . شۇ ئايدا قۇمۇل ئاراتۈرك ناھىيىسى ئەتراپىغا ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق پالۋانلار توپلىنىپ ، كوممۇنىست ئەسكەرلىرىگە قارشى غازات ئېلان قىلدى ۋە قوشنا يۇرتلارغا خەۋەرچىلەر ئىبەرتىپ شۇ يەرگە يىغىلىپ ئۇرۇش باشلاشنى قارار قىلدى . 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئارا تۈرك بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە كېڭەش باشلىقى ناسىر ، ئابدۇللا ھاكىم ، ئەبەيدۇللا ھاكىم، مامۇت، ھاپىز ۋە سەيدۇللا لارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەش يۈز نەپەر پالۋان كېڭەش ئۆتكۈزدى ۋە « كوممۇنىزمغا قارشى خەلق ئەترىتى » تەشكىلاتىنى قۇردى . شۇ كۈندىن



باشلاپ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇملارنى باشلىدى . بۇ ئۇرۇش ئىككى يىل داۋام قىلدى .

1950 - يىلى 1 - ئايدا قالبەك باشچىلىقىدىكى ئىككى مىڭغا يېقىن قازاقچى ئۇرۇمچى تاغلىق رايونىدا توپلىنىپ ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى . ھەممە كوممۇنىستلارغا قارشى ئۇرۇشلىرىنى باشلىۋەتتى . بۇ ئۇرۇش يىل ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشتى .

1949 - يىلى 8 - ئايدا ئالتاي ئەتراپىدىن چېكىنىپ بەشبالىق ( گۇچىڭ ) شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن ئوسمان باتۇر ، جانىمقان ، زاكىرقان ، دەلىلقان ۋە لوراز باي موللا ، شايمەردان قاتارلىق قازاقچىلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، بىرقىسمى ئۇرۇمچى تەرەپكە ، بىرقىسمى قۇمۇل بارىكۆل تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى . 1950 - يىلى 4 - ئايدا قۇمۇلدىكى ئىنقىلاپچىلار بىلەن ئوسمان باتۇرنىڭ مۇجاھىدلىرى ئۇچرىشىپ ، يىگىرمەمىڭ كىشىلىك قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئىككى يىل داۋام قىلغان بۇ شانلىق ئۇرۇشتا ئۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلىرى يوقۇتۇلدى. كۆپ ساندىكى جەڭچىلىرىمىز شەھىد بولدى. قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئوسمان باتۇر يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ، قەيسەر ئىنقىلاپچىلىرىمىزنىڭ بىرسىدۇر . ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ۋەتەن ئازاتلىقىغا ، مىللىي مۇستەقىللىققا بېغىشلانغان شەرەپلىك ھاياتتۇر . ئۇ زالىم شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ، روس كوممۇنىستلىرىغا ۋە ئاخىرىدا خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى ئاداققىچە ئىرادىسىنى بوشاتماي ، ھىلە - مىكىرلەرگە ئالدانماي ، باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى. پۈتۈن ئائىلە بويىچە ۋەتەن يولىدا شەھىد بولدى.

1951 - يىلى 2 - مايدا ۋەھشىي خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە خەلقنى توپلاپ ئوسمان باتۇرنى قانلىق باستۇردى. ئوسمان باتۇرنىڭ شىردىمان قاتارلىق ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇزاقىچە قۇراللىق كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى . ئۈرۈمچى ئەتراپىدا سىدىق، ئوراز بايلار ، مورى ، بەشبالىق ئەتراپىدا مالىك ، تالىم ، جانبۇلايلار كوممۇنىست ئەسكەرلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ ، پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. كوممۇنىستلارنى قوغلاپ چىقىرىش ، ئىسلامىيەتنى قوغداش مەقسىتىدە باتۇرلارچە كۆرەش قىلدى .

1951 - يىلى ئىلى رايونىغا مەركەزلەشكەن زىيالىلار « ئەللىك بىرچىلەر قۇرۇلتىيى » نى ئېچىپ ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىدىن مۇستەقىللىق دەۋا قىلدى ھەمدە ئەسلىدىكى مىللىي ئارمىيەگە بېسىم ئىشلىتىپ قۇراللىق كۆرەشكە ھازىرلىق كۆرۈشنى چاقىرىق قىلدى. بۇ سەۋەپتىن بىرمۇنچە غازىلار يوشۇرۇن قولغا ئېلىندى.

1953 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن يېزىلىرىنى قاپلىغان قۇراللىق قوزغىلاڭ جاللات ۋاڭ جېنىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. نەچچە يۈزمىڭ زىيالى ، دىنىي زاتلار تۇتقۇن قىلىندى . بەزى زىيالىلار قارا - قۇيۇق ئوققا تۇتۇلدى . ئىككى قولى قانغا بويالغان ۋاڭ جېننى خىتايلار مەركەزگە يۆتكەپ كەتتى . بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ۋە خەلق پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى قولغا ئېلىندى ھەمدە ئۆلتۈرۈلدى . چىڭگىز خان داموللام ، ئەسئەدۇللا داموللام ، ئابدۇلئەزىز مەخسۇم قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن يېتەكچىلەر ئۆلتۈرۈلدى ياكى تۈرمىگە تاشلاندى .



1954 - يىلى 12 - ئايدا خوتەننىڭ ئاتچۇي كەنتىدىكى نىياز بەگ ھاجىنىڭ ئۆيىدە ئابدۇلھەمىد داموللام ، پەتھىددىن مەخسۇم قاتارلىق كىشىلەر « تەشكىلى نىجات پارتىيىسى » نىڭ قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ ، 1955 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىش قارارىنى ئالدى ۋە ۋاقتىدا كۆلىرىلىپ ، ئاتچۇي تۈرمىسىنى ئازات قىلىپ مەھبۇسلارنى قويۇۋەتتى . خوتەن شەھىرىنى پەتھى قىلىش ھارپىسىدا خائىنىنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن ئىنقىلاب قانلىق باستۇرۇلدى. رەھبەرلەر ئۇزۇن يىللارغىچە خەلق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بولسىمۇ كېيىن خىتايلار تەرىپىدىن شەھىد قىلىندى. بۇ ئىنقىلاب گەرچە قىسقا ۋاقىت داۋام قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ جەڭگىۋار كۆرەش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. خەلقنىڭ قەلبىدە يېتىلىۋالغان ئىنقىلاب ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى . خەلققە ئۈمىد ، ئىشەنچ بېغىشلىدى . بۇ ئىنقىلابنىڭ سىياسىي پروگراممىسى : « قۇراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش » بولۇپ ، شۇرا نامىدا ژۇرنال نەشرى قىلدى. « مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاساسىي قانۇنى » ، « ياشلارغا مۇراجىئەت » ، « بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىغا ئەرز » قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى.

1956 - يىلى 3 - ئايدا قاراقاش ناھىيىسىدە باقى داموللام بىلەن سەمەد داموللام باشچىلىقىدا قۇراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى . 800 دىن ئارتۇق ئىنقىلابچى تارىم ۋادىسىدىكى خىتايلارنىڭ قۇراللىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ، دۈشمەنلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئاخىرىدا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق جەڭچىمىز قۇربان بولدى.

1956 ـ يىلى 5 ـ ئايدا لوپ ناھىيىسىدە 1300 دىن ئارتۇق ئىنقىلاپچى ئابدۇقادىر باشچىلىقىدا قوراللىق قوزغالدى

1957 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئۇلانبايدىكى مىللىي ئاتلىق پولكى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىنىۋاتقاندا پاش بولۇپ قېلىپ، جەڭچى ئوفىتسېرلار تۇتقۇن قىلىندى. شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسىنىڭ قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلغان مۇنەۋۋەر ئەزالىرى تۈرمىلەرگە تاشلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.

1958 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كۆكتوقاي ، چىڭگىل ، بەشبالىق تەۋەلىرىدە جەمشىتقان ، دەلىلقانلار يېتەكچىلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى .

1058 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدا ئىلى قۇربان بىلەن سىيىت باشچىلىقىدا يەتتەمىڭ جەڭچى قاتناشقان قوراللىق ئىنقىلاب پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلار رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىپ ، ئوق ـ دورا ، نەخ پۇل غەنىمەت ئالدى. تېلېفون ، ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، تۈرمىگە ھۇجۇم قىلىپ مەھبۇسلارنى قويۇۋەتتى . كوممۇنىستلارنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتتى . 1962 ـ يىلى خەلق پارتىيىسىنىڭ ئومومىيۈزلۈك قوراللىق كۈرىشى زەنجىرسىمان تەشكىلات نى تارمار قىلىش ھەرىكىتىدە دەھشەتلىك باستۇرۇلدى. كۆپ كىشىلەر قولغا ئېلىندى.

1969 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىست كۈچلىرىنىڭ قاتتىق باستۇرىشىغا ۋە تۇتقۇن قىلىشىغا ئۇچرىغان شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى بولسا ، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى پروگراممىسى ئەڭ ئېنىق بولغان ، پائالىيەتلىرى ئەڭ سىستېمىلىق ، تەشكىللىك ، ئىچكى ـ تاشقى كۈچلەر ئەڭ



ماسلاشقان ، ئىنقىلاب پروگراممىسى ، ستراتېگىيىلىك پىلانلىرى مۇكەممەل لەرەققى قىلغان پارتىيە ئىدى. بۇ پارتىيە 78 ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى قۇردى. دائىرىسى ئون ئىككى ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەر ، يىگىرمە ئىككى ناھىيىگە كېڭەيگەن بولۇپ ، ئەزاسى 60 مىڭ كىشىدىن ، ئىشتىراك قىلغۇچىلار 300 مىڭ كىشىدىن ئاشقانىدى . پارتىينىڭ ئاساسىي تايانچلىرى زىيالىلار ، ئوتتۇرا ـ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار بولۇپ ، ئەزالىرى ئىشچى ـ خىزمەتچى ، دېھقان ، چارۋىچى ئاھالىلەر ئىدى .

خەلق پارتىيىسى سىستېمىلاشقان ئىنقىلاب پروگراممىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە لۈز پائالىيەتلىرىنى كۈچلۈك قانات يايدۇردى. ئىنقىلاب شەرت ـ شارائىتلىرىنى ھازىرلىدى. پارتىيە مەركىزى كومىتېتى 1969 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىنى چوڭ ئىنقىلابنىڭ پارتلاش ۋاقتى قىلىپ بەلگىلىدى. ئىچكى ـ تاشقى قوراللىق كۈچلەرنىڭ ماسلاشقان ئۇرۇش تاكتىكىسىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە زىچ ئالاقىلاشتى . ئەپسۇسكى ، خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن قوزغىلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن خىتاي كوممۇنىستلىرى مەركىزى كومىتېت رەھبەرلىرىنى تۇتقۇن قىلدى . قوماندانلىق شتاب باشچىلىقىدا ئىمنوپ قاتارلىق 32 مىڭ كىشى قولغا ئېلىندى. قەشقەر لېنىيىسىدىكى ئاخۇنوپ ، مىجىت قاتارلىقلار مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، خىتاينىڭ كۈچلۈك ئارمىيىسى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلدى ، بىر ھەپتە داۋام قىلغان ئۇرۇشتا مۇجاھىتلار ئۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى ۋە باش ئەگمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقى ۋە ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇشى نەتىجىسىدە ئاخۇنوپ ، مىجىت قاتارلىق قوماندانلار شەھىد

بولدى. تۇتقۇن ۋە ئاختۇرۇشلار ئالتە ئاي داۋام قىلدى . پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا ھەتتا ناھىيلەرگىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھوقوقى بېرىلدى. ئىنقىلاب رەھبەرلىرىدىن ئىمنوپ باشچىلىقىدىكى ئوتتۇز ئىككى كىشى 1970 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ( ئىلى، چۆچەك قىرغىنچىلىقى كۈنىگە توغرىلاپ ) ئۈرۈمچىدە ئاشكارا سوت ھۆكمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ كاتتىباشلىرى دېگەن نام ئاستىدا خەلق ئالدىدا ئېتىپ تاشلاندى ( ئىمنوپ دوختۇرخانىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى ) . نۇرغۇن مۇنەۋۋەر باتۇرلار تۈرمىلەردە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. تالاي بىگۇناھ كىشلەر ئون يىللاپ ھېچ سوراقسىز تۈرمە لاگىرلىرىدا ياتتى . كوممۇنىستلار ئەجدادلىرىنىڭ مايمۇننى ئۆلتۈرۈپ يولۋاسنى قورقۇتۇش تاكتىكىسىنى ئاشكارا ئىبلان قىلىپ تۇرۇپ ئىجرا قىلدى. گەرچە تارىخىي پەيتنى كەتكۈزمىگەن بۇ ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ ، لېكىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈچلۈك ئىنقىلاب روھىنى ، ئىستىقلال غايىسىنى ، تەشكىلاتچان ئەنئەنىسىنى، ئىتتىپاقلىق كۈچىنى بىر قېتىم جاكارلىدى ، خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد، ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى . كوممۇنىست كۈچلەرگە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ ، ئۇلارنى قاتتىق ئالاقزادىلىككە سالدى . شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ھېلىمۇ ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

1980 - يىللارغا كەلگەندە ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. پارتىيە ، تەشكىلاتلار ئالاھىدە يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچتى. مىللىي ئازاتلىق ، مىللىي دېموكراتىك ۋە مىللىي ئويغىنىش كۈرەشلىرى ئارقا - ئارقىدىن قانات يېيىش، راۋاجلىنىش باسقۇچىغا



قەدەم قويدى . شۇ يىلى قىشتا خىتايلار تەرىپىدىن قەستەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن يازغۇچى ئابدۇلھەمىد مەسئۇدنىڭ قانلىق جەسىدىنى كۆتۈرۈپ ھەزەپلەنگەن نەچچە مىڭ ئىشچى ئۈرۈمچى كوچىسىدا قانغا - قان ، جانغا - جان دەپ توۋلاپ نامايىش قىلدى. نامايىشقا ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى قوشۇلدى . ئۇلار پارتكوم بىناسىغا قەدەر بېسىپ كەلدى. غەيرى قانۇنلۇق ئېلىپ بېرىلغان بۇ نامايىشنى كوممۇنىستلار باستۇرۇشقا پېتىنالمىدى. خەلق ھۆكۈمەتنىڭ تۈمۈرىنى تۇتۇپ بېقىش پۇرسىتىنى ياراتقان بۇ دېموكراتىك كۈرەش خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنى ئۆزگەرگەنگە قەدەر داۋام قىلدى .

1981 - يىلى پەيزاۋاتتا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى ئىسلام پارتىيىسى شۆبىسىنى تەشكىللەپ 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ناھىيلىك قۇراللىق ساقچى قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن ئوق ، دورا غەنىمەت ئالدى . ئەپسۇسكى ، خائىننىڭ ساتقىنلىقى بىلەن مۇجاھىدلار قورشاۋدا قېلىپ ئىنقىلاب خىتايلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بۇلاردىن باشقا 1981 - يىلى قاغىلىقتا يۈز بەرگەن 12 - يانۋار ۋەقەسى ، قاغىلىق تەڭرىتاغ پارتىيىسى ، 1981 - يىلى 26 - سىنتەبىر قەشقەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇرىستان ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى 1981 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر شەھرىدە يۈزبەرگەن 30 - ئۆكتەبىر ۋەقەسى قاتارلىق بىر قاتار ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار مەيدانغا كەلدى . ( خىتايلارغا مەلۇم بولمىغانلىرى بۇيەردە تىلغا ئېلىنمىدى. ) بۇ پارتىيە ، تەشكىلاتلار مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش پروگراممىسى ئاستىدا ئۆز پائالىيەتلىرىنى قانات

يايدۇردى. ئەجدادلىرىمىز ئىزچىل داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان خەلق ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا باشلىدى . بولۇپمۇ 80 ـ يىللارغا كەلگەندە، يېڭى بىر دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى . دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك رەۋىشتە تەرەققى قىلىشى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى .

1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يۈز بەرگەن شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نامايىش قىلىش ھەرىكىتى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دېموكراتىك ھەرىكەت بولدى. بۇ ھەرىكەت شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ھەرىكىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتەردى . دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچتى . شۇ كۈندىن بىر ھەپتىگىچە قەدەر ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن ، بۆرتالا قاتارلىق شەھەرلەردە 15 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىستىكىنى نامايان قىلدى. بۇ قېتىمقى نامايىشنىڭ سىياسىي پروگراممىسى: شەرقىي تۈركىستاندا دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىش ، يادرو ـــ ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بېرىشنى توختىتىش ، كۆچمەن كۆچۈرۈشنى چەكلەش ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەنى ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلىش ، مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، مىللىي مائارىپنى ھەقىقىي راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تەلەپلەر پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، شۇنىڭدەك دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىدى. بۇ ئىنقىلاب ۋەتەن تۇپرىقىدا غايەت زور ئويغىنىش پەيدا قىلدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھايات ئىككەنلىكىنى ،



ۋەتەن داۋاسىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى دۇنياغا جاكارلىدى. بۇ دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ ئىلھامى ئارقىسىدا ھەرقايسى ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە شەھەر ـــ يېزىلاردا ياشلار ھەرىكىتى كۈچلۈك راۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قانچىلىغان ئاممىۋىي ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى. 1985 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئونىۋېرسىتېتىدە قۇرۇلغان « تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسى » ، بەش ئالىي مەكتەپتە قۇرۇلغان « ئوقۇغۇچىلار پەن ـ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى » ، « ئىزدەنگۈچىلەر ئىلمىي جەمئىيىتى » ، « جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى » قاتارلىق تەشكىلاتلار جەمئىيەتنىڭ ، مىللەتنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. مىللەتنىڭ ئويغىنىشىغا تەسىر كۆرسەتتى . « پەن ـ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى » ئون ئىككى شۆبە ئۇيۇشما ۋە بەش قېرىنداش ئۇيۇشما تورىنى شەكىللەندۈرۈپ ، سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەپ ، تارىخىي درامىلارنى قويۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مىللەتچىلىك ئۇرۇغىنى چاچتى. تەتىللەردە ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ قىشلاق ـ يېزىلىرىغا بېرىپ ، ئېچىنىشلىق مىللىي مائارىپ ئەھۋاللىرىنى ، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ ، سىنئالغۇ لىنتىلىرىنى ئىشلەپ ، ھۆكۈمەت دائىرەلىرىگە بېسىم ئىشلەتتى . ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ ، ساختا تەشۋىقاتنى پاش قىلدى. جەمئىيەتكە مىللەتنى خاراپلاشتۇرۇشقا سەۋەپ بولىۋاتقان ئامىللارنى تونۇتۇپ ، زەئىپ مىللىي مائارىپنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش چاقىرىقىنى چىقاردى. بۇ بىر قاتار كۈرەشلەر خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ئاتوم ـ يادرو سىنىقىنى ، پىلانلىق تۇغۇت قانۇنىنى ، كۆچمەن كۈچۈرۈشنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ توختىتىشقا ، دېموكراتىيەگە ، مىللىي مائارىپقا يالغاندىن بولسىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە مەجبۇرقىلدى. 12 ـ دېكابىر ئىنقىلابى ، دەپ ئاتالغان بۇ پائالىيەتلەردىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، 1988 ـ يىلى 6

- ئاينىڭ 15 - كۈنى مىللىي كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىنى ئېچىلىپ ئىككى كۈن ئۇدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا ئۈرۈمچىدىكى تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتى. تۇيۇقسىز ئېتىلغان بۇ ۋولقان خىتاي كوممۇنىستلىرىنى پايپېتەك قىلىۋەتتى. شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ قەيسەر، تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى نامايان قىلغان بۇ ئىنقىلاب، دېموكراتىك كۆرەشنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتەردى. ئۇنىڭ پروگراممىسى ئىنسان ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىش، مىللىي كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش، خارلىنىپ كېتىۋاتقان مىللىي مائارىپىمىزنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تەلەپلەر گەرچە ئىنسانىيەتنىڭ ھەقلىرىگە ئويغۇن بولغان، خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلەپلىرى بولسىمۇ، ئەمما خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە نەشتەردەك سانچىلدى. ئۇلار قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. شۇڭلاشقا تەركۈيدە قۇراللىق ساقچىلارمۇ بولغان تۆت يۈز كىشىلىك دىكتاتورا گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ج. خ ئىدارىسىدە مەخسۇس باشقارما قۇردى ۋە ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى نازارەت قىلدى. سىياسىي تەقىپ ئاستىغا ئالدى. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى چەكلەش، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ساقچى، دىكتاتورا ئارقىلىق ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ناھىيە دەرىجىلىك ساقچى ئىدارىلىرىنى قۇردى. بۇ خىل بېسىم كۈچەيگەنسىرى، دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ تۇرىۋەردى.

1989 - يىلى 4 - ۋە 5 - ئايلاردا خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتى باشلىنىشى بىلەن تەڭ شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ دېموكراتىك



پائالىيەتلىرىمۇ كۈچلۈك قانات يېيىشقا باشلىدى. ياشلار دەرھال «ئالىي مەكتەپلەردە ھەرىكەت قىلىش ھەيئىتى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقىپ، «مىللىي پارلامېنت قۇرۇش»، «پىلانلىق تۇغۇتقا قارشى تۇرۇش»، «ياشسۇن ئىسلام ئىنقىلابى»، «ئالىي مەكتەپلەرنى قۇراللىق ئىدارە قىلىشقا قارشى تۇرۇش» قاتارلىق 21 ماددىلىق پروگرامما تۈزۈپ چىقىپ ھۆكۈمەتكە سۇنۇپ، بۇ ماددىلارنى ئىجرا قىلىشقا قىستىدى. كۆپ قېتىم ئۇچۇق ۋە مەخپىي خەت يېزىپ، مىللىي كەمسىتىش خاھىشلىرىنى پاش قىلدى.

1989 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى «جىنسىيەت ۋە ئەنئەنە» ناملىق رىئاكسىيون كىتابقا قارشى نامايىش قوزغىدى. 19 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان كوچىغا چىقتى، سەپ كېڭىيىپ ئونمىڭدىن ئېشىپ كەتتى. مۇسۇلمان ياشلار پارتكوم، ھۆكۈمەت بىنالىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئەسلىھەلىرىنى، ماشىنىلارنى پاچاقلاپ تاشلىدى. بىرقانچە قاتىل ساقچىلارنى، ئەسكەرلەرنى تۇتۇپ كېتىپ سوتلىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى قۇراللىق قىسىملىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىر كېچىدىلا ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئاممىسىنى تۇتۇپ قامىدى. قىين - قىستاقلارغا ئېلىپ، ۋەھشىيلەرچە جازالاپ پاش قىلىشقا قىستىدى. تۇتقۇن قىلىنغانلار ئىچىدە ئونبىر ياشلىق ۋە ئون تۆت ياشلىق ئاچا - سىڭىل ئىككى ئۇيغۇر قىزى بولۇپ، زالىم خىتاي ئەسكەر، ساقچىلىرى بۇ نارىسىدە قىزلارنىمۇ قاتتىق ئۇرۇپ قىيناپ ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. بۇ ۋەھشىيانە باستۇرۇشلار خەلق قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز غەزەپ، قىساس پەيدا قىلدى.

1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارىن يېزىسىدىكى دېھقانلار شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ بارىن شۆبىسىنىڭ قۇرغۇچىسى زەيدىن يۈسۈپنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆلىمى ئەڭ زور بولغان قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى .ئۇلار دەسلەپ قورال - ياساق ياساش ، جەڭ ئۈچۈن ئات سېتىۋېلىش ، ئەسكىرى مەشىق قىلىش ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ، باشقا ۋىلايەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىش قاتارلىق تەييارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارار قىلىنىۋاتقان كۈنى بارىن يېزىسىنى مەركەز قىلغان هالدا ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئومۇمى يۈزلۈك قوراللىق كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ ، مۇستەقىللىق ۋىسالىغا يېتىشنىڭ هازىرلىقىنى قىلدى . ئەمما مەخپىيەتلىك پاش بولۇپ قالغاچ ، مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغىلىشقا مەجبۇر بولدى .شۇ كۈنى ئون مىڭدەك ئادەم قولىغا مىلتىق ، بومبا ، كەتمەن، ئوغاق، بولقىلارنى ئېلىپ، هۆكۈمەت دائىرەلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەردى . تۆت كۈن داۋام قىلغان شىددەتلىك ئۇرۇشتا خىتاي قوشۇنلىرى تەڭ كېلەلمەي ، سىرتتىن نورغۇن ئەسكەر يۆتكەپ كەلدى. زامانىۋى قوراللانغان نەچچە يۈزمىڭ خىتاي قوشۇنىغا خىتاي دۆلەت رەھبەرلىرىدىن لى پېڭ ، جاڭ زېمىنلار ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لىيۇ خۇاچىڭلار قوماندانلىق قىلدى. ئىككى ئايغا يېقىن داۋاملاشقان ئۇرۇشتا خىتاي ئارمىيىسى ئىككى يۈزدەك جەڭچىمىزنى شەهىد قىلدى. يېزىدىكى بىگۇناھ ئاياللارنى، ھەتتا بۆشۈكتىكى بوۋاقلارنىمۇ قىرغىن قىلدى . نۇرغۇن قەيسەر ئىنقىلاپچىلىرىمىز ئەسىرگە چۈشكەن بولسىمۇ، قەتئى باش ئەگمىدى . خىتايلار ئۈچ نەپەر قوماندانىنى ئېتىپ تاشلىدى. قالغانلىرىنى مۇددەتسىز، ئۇزۇن يىللىق قاماققا ئالدى. لېكىن « خىتاي كومپارتىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتىنى قۇرۇش » تىن



ئىبارەت سىياسىي پروگراممىلىق ، ئايىيۇلتۇزلۇق كۆك بايراقلىق بۇ ئىنقىلاب خەلقنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى ، ئىشەنچىسىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە كەڭ كۆلەمدە جاكارلىدى. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە ئەل نامىدا جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش بەردى .

دۈشمەن قانچە ۋەھشىي ۋە غالجىرلاشقان بولسىمۇ ، باتۇر شەرقىي تۈركىستان خەلقى قىلچە باش ئەگكىنى يوق، بەلكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى . شۇئار يېزىپ چاپلاش، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى بېسىپ تارقىتىش ، جامائەت سورۇنلىرىدا ئاشكارا نۇتۇق سۆزلەپ مىللىي ئويغىتىش ئېلىپ بېرىش ، كىتاپ - ماقالا يېزىش ، يوشۇرۇن ھالدا ھۆكۈمەت بىنالىرىنى ، ماشىنىلىرىنى ، غالچا ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيلىرىنى ، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىلىرىنى پارتىلىتىش ، پارتىزانلىق ھەرىكەتلەرنى تەشكىللەش ، پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق خىتاي فاشىستلىرىغا قارشى قىساسكارلىق روھىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە . 1987 - ۋە 1989 - يىلى ئىچىدىلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىپ قىلىدىغان تەشۋىقات ۋارىقى ئىككى يۈز قېتىمدا 600 پارچىدىن ئارتۇق تارقىتىلدى.

بۇلاردىن باشقا 80 - يىللىرى يۈز بەرگەن قاغىلىق « قوتاز ۋەقەسى » ، « قەشقەر ۋەقەسى » ، ئاقسۇ « يولۋاس ۋەقەس » ، توخسۇ « مەسجىد ۋەقەسى » ، ئارتۇش « بىرىنچى نورتا ۋەقەسى » ، 90 - يىللىرى يۈز بەرگەن قورغاس « قاتىل خىتايىنى ئىزدەش ۋەقەسى » ، 93 - يىلدا قەشقەردە يۈزبەرگۈن ئون يەتتە قېتىملىق چوڭ - كىچىك پارتلاش ۋەقەلىرى ، بۇ يىل تۆتىنچى ئايدا يۈزبەرگەن ئۇرۇمچى سايۋاغ رايونى سوت مەھكىمىسىنىڭ قوراللىرىنى بۇلاش

ۋەقەسى ، 7 ـ ئايدا ئاقسۇدىكى ئۈچ چوڭ پارتلاش ۋەقەسى قاتارلىقلار خەلقىمىزنىڭ خىتاي باسمىچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان مۇستەقىللىق يولىدىكى كۆرەشلىرىنىڭ دەلىلىدۇر .

ئومۇمەن جەسۇر شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي كوممۇنىستلىرى هۆكۈمرانلىق قىلغان 45 يىل ئىچىدە ، مىللىي مۇستەقىللىقى ، هۆررىيىتى يولىدا يۈزلەرچە قېتىم قوراللىق ئىنقىلاب ھەمدە سىياسىي كۆرەشلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئون مىڭلىغان ، يۈز مىڭلىغان قەھرىمانلىرىمىز قۇربان بولدى. ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈپ ، ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن شەرەپلىك سەھىپىلەرنى ئاچتى . خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى كۆرەشلەردە 500 يۈز 20 مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق شەھىد بولدى.

دېمەك ، يۇقىرىقى پاكىتلار شۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇكى ، خىتاي كوممۇنىستلىرى هۆكۈمرانلىق قىلغان 45 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈكىستان خەلقى بىر كۈنمۇ ئۇخلاپ ياتقىنى يوق. مىللىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلمىغان ، قان تۆكمىگەن بىر كۈنمۇ يوق. دۇنيادا شەرقىي تۈركىستان خەلقىدەك ئۆز ئىستىقلالى ، هۆررىيىتى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ قوزغالغان، كۆپ قۇربان بەرگەن بولسىمۇ ئۆز مۇستەقىللىقىغا ، ئۆز ئەركىنلىكىگە ئېرىشەلمەي مەھكۇم ھالدا ياشاۋاتقان بىرمۇ مىللەت بولمىسا كېرەك .

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىسلىسىز زور بەدەللەرنى تۆلەپ ، ھېساپسىز قۇربانلارنى بېرىپمۇ يەنىلا مۇستەملىكىدىن قۇتۇلالماسلىقىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىيالماسلىقىنىڭ سەۋەپلىرى نېمىلەر ؟



بۇنىڭغا ئۇرغۇنلىغان ئىچكى ـ تاشقى مۇرەككەپ سىياسىي ئامىللار سەۋەپ بولۇپ كەلگەندىن سىرىت ، مۇھىمى تۆۋەندىكى ئامىللار ئاساسلىق رول ئوينىدى :

بىرىنچى ، مۇتلەق كۆپ قىسىم كۆرەشلىرىمىز توغرا يېتەكچى نەزەرىيەگە ، چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان ، مەلۇم ئىنقىلاب تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ، سىستېمىلاشقان بىرەر تەشكىلات ياكى پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىغا نائىل بولالمىدى .

ئىككىنچى ، ۋەتەن سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان جەمئىيەت ، تەشكىلات ۋە گورۇپپىلار ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قان ھەم جانبەدىلىگە ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ ، ئۇنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە توغرا يۆنىلىشتە ، يېتەرلىك دەرىجىدە بىلدۈرۈلمىدى ، كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق خەلقئارا جامائەت پىكرى ھازىرلىيالمىدى ، قىسقىسى ، پائالىيەت ۋە تەشۋىقات كۆچى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىدى .

ئۈچۈنچى ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئىنگلىز، فىرانسىز ۋە باشقا مۇستەملىكىچىلەرگە ئوخشاش مەدەنىي مىللەت ئەمەس ، دېموكراتىيە ، هۆرلۈك ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىدا يات غەيرى ئۇقۇم ، تارىخىدا فېئۇدال ئۆچمەنلىكتىن باشقا ئىدېئولوگىيىسى بولمىغان بو رەزىل مىللەتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئاسان ئەمەس .

خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق

كۆرەشلىرىنى قانلىق باستۇرۇپلا قالماي ، بەلكى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقۇپ قاتتىق كونتىرۇل قىلىپ كەلدى. ھەتتا بىرەر ۋىلايەتتە يۈز بەرگەن ۋەقەنى خوشنا ۋىلايەتلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىنمۇ مۇداپىئە قىلىپ ، ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ ؛ يوشۇرۇپ يالغان خەۋەر قىلىپ كەلدى . قانلىق باستۇرۇش ، دەرھال تىنچلىتىش ، ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قاماش ئۇسۇلى بىلەن ۋەتەندىكى ۋەقەنى ۋەتەندىكىلەرمۇ بىلمەسلىكتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى . دېمەك ، خەلقىمىز شۇ قەدەر بەدەل تۆلەپمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانى ھەققىگە ئېرىشەلمەي، دۇنيا خەلقىنىڭ ، ئىنسانلىق ئالەمىنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى جەلپ قىلالماي كەلدى.

بۈگۈنكى كۈندە تارىخي ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ، توغرا يۈنىلىشتە ، كۈچلۈك پارتىيە ، تەشكىلاتلارنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ، ۋەتەنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشىدىغان شارائىتلار ھازىرلانماقتا . شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئازاتلىق نىشانىنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە.

1994 ـ يىلى 12 ـ ئاي ، ئىستانبۇل

بۇ ماقالە 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇلۇق ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ۋاپاتىنىڭ 920 ـ يىللىقى ۋەشەرقىي تۈركىستان ئاملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنۇلغان )



# شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئالا ھىدىلىكى

شەرقىي تۈركىستان خىتاي مۇستەبىتلىرى تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان ئېچىنىشلىق سىياسىي تارىخى جەريانىدا ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى مۇستەقىللىقى ، ھۆررىيىتى ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز كۆرەش قىلىپ كەلدى . ھەرخىل تارىخىي شارائىتلاردىكى كۆرەش شەكلى ، ئۇسۇلى ۋە خاراكتېرىمۇ ھەرخىل بولدى. تارىخ 80 ـ يىللارغا قەدەم قويىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىدا يېڭى بىر سىياسىي بورۇلۇش مەيدانغا كەلدى .

1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پارتلىغان ئوقۇغۇچى ياشلار ھەرىكىتى شەرقىي تۈركىستان يېقىنقى زامان تارىخىدىكى دېموكراتىك كۆرەشنىڭ باشلىنىش نوقتىسىدۇر .

شۇ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھرىدە 15 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىن كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى . بۇ ۋەقە بىلەن تەڭ قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن ، بۆرىتالا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ تىزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، دەرس تاشلاپ ، كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشقا باشلىدى. خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى شاڭخەي ، بېيجىڭ ، گۇاڭجۇ ، نەنجىڭ ، چۇڭچىڭ قاتارلىق

چولڭ شەھەرلەردە ئوقۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ دەرس تاشلاپ كوچىلارغا چىقىپ ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىنالىرىنىڭ ئالدىدا نامايىش قىلدى. ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى نامايىش ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ، بىر ھەپتىگە قەدەر داۋام قىلدى .

« 12 ـ دېكابىر ۋەقەسى » دەپ ئاتالغان بۇ كۆرەش « تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى جەمئىيىتى » نىڭ تەسىرى ۋە يېتەكچىلىكىدە ئۈرۈمچى ئونىۋېرسىتېتىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۈرۈمچىدىكى يەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىللىرىنىڭ ئۆزئارا ئالاقەلىشىش تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىرقانچە ئاي پۇختا تەييارلىق كۆرۈش ، ھەرقايسى مەكتەپلەردە بۇ كۆرەشنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى يارىتىش ، تەشۋىقات ، تەشكىلىي جەھەتلەردە تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق پىلانلىق ، تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلدى .

80 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ياش يازغۇچى ، شائىرلار شەرقىي تۈركىستاندا دېموكراتىك يېڭى بىر ئەدەبىي ئويغىنىش ئىنقىلابىي قوزغاشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ، جەمئىيەتتە ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ھەرخىل ئىلمىي مۇنازىرىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش ئارقىلىق « 12 ـ دېكابىر ۋەقەسى » دەپ ئاتالغان بۇ كۆرەش ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرۇپ ، جەمئىيەتتە ۋە مەكتەپلەردە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى . يېڭى بىر ئويغىنىش ، يېڭى بىر دېموكراتىك پىكىر ئېقىمى پەيدا قىلدى . بۇ مىللىي ئويغىنىش ياشلار ئارىسىدا ئالاھىدە تەسىر قوزغاپ « 12 ـ دېكابىر ھەرىكىتى » نىڭ پارتلىشىغا شەرت ـ شارائىت ھازىرلىدى ۋە ئاساس ياراتتى .



بۇ ھەرىكەتنى پىلانلاش ، تەشكىللەشكە رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ئۈرۈمچى ئونىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىلى فاكولتېتى ئوقۇغۇچىسى مجىت ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئىدى . ( باشقا رەھبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى يېزىلمىدى ، چۈنكى ئۇلار ھازىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھېلىمۇ خىتايلار تەرىپىدىن « گۇمانلىق » دەپ قارىلىپ ، نازارەت قىلىنىپ كەلمەكتە .) بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرىدىن مجىت شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ، ئۈرۈمچى ئونىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ، جۇڭگو ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى . مجىت بۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى پىلانلاشقا ، تەشكىللەشكە يېتەكچىلىك قىلدى . تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى . ئەمما بەختكە قارشى 12 ـ دېكابىر كۈنى پارتلىغان بۇ ئىنقىلابنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى . چۈنكى ، مجىت نامايىش كۈنىدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى يەنى 9 ـ دېكابىر كۈنى كەچتە ، ئۈرۈمچى ئونىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات پاكولتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ ئۆيىدە تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى . ئىلگىرى ھېچقانداق كېسىلى بولمىغان ، تىمەن ، ئوت يۈرەك ياشنىڭ تەسادىپىي ئۆلۈمى بۈگۈنكە قەدەر سىر بولۇپ كەلمەكتە .

بۇ قېتىمقى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بىۋاستە تەسىر قىلغان سىياسىي ، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر نېمەلەرئىدى ؟

خىتاي ھۆكۈمىتى 1964 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا ئوتتۇز قېتىمدىن ئارتۇق يەر ئاستى ـ يەر ئۈستى ئاتوم يادرو سىنىقى ئېلىپ باردى . بۇنىڭ تەسىرىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېكولوگىيىلىك

تەكشۈلۈكى ، ھاۋارايى بۇزۇلدى . تۇپراق ، سۇ ، ئۆسۈملۈك ، مېۋىلىرى زەھەرلىنىپ ، خەلق ئامالسىز زەھەرلىك ماددىلاردىن ئوزۇقلىنىشقا مەجبور بولدى . ھەرخىل ۋابا ، جىگەر قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەر پەيدا بولۇپ ، ئون مىڭلىغان ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولدى . بوۋاقلار ناكا ، كەمتۈك تۇغۇلۇشقا باشلىدى . خىتاي ھۆكۈمىتى بۇلارغا پەرۋا قىلماستىن 85 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئاتوم بومبىسىنى پارتلاتتى . خىتايلارنىڭ بۇخىل ئۆكتەملىكى پەقەت شەرقىي تۈركىستان خەلقىگىلا قىلىنغان ھاقارەت بولماستىن ، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ، دۇنيا تېنچلىقىغا قىلىنغان تەھدىت ئىدى .

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ « يېرى كەڭ ، نوپوسى ئاز » دېگەن سىياسىي ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، شەرقىي تۈكىستاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ چۆللۈك ، قۇملۇق ، تاغلىق رايونلار ئىكەنلىكى ، ئادەم ياشاشقا بولىدىغان بوستانلىقلارنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكى بىلەن ھېساپلاشماي ، خىتاينىڭ سۈپەتسىز ، بىلىمسىز پۇقرالىرىنى ، جىنايەتچىلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆپلەپ يۆتكەپ چىقىپ ، بۇ تۇپراقنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار قاتارلىق مۇسۇلمانلارغا تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ ، ئانىلارنى ، بوۋاقلارنى ئۆلتۈرمەكتە ئىدى . يەرلىك خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرى سان چەكلىمىسىگە ئۇچراپ ، مىليونلىغان ياشلار ئىشسىز ، ماكانسىز ، ئوقۇشسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى . خىتاي ھۆكۈمىتى ساختا سايلام ئۆتكۈزۈپ ، دېموكراتىك سايلامنى چەكلەپ ، زورلۇق بىلەن مىللىي موناپىقلارنى ، خەلق خائىنلىرىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ۋەكىلى ، مىللىي رەھبىرى دەپ كۆتۈرۈپ چىقىپ ، خەلقنى سۆيىدىغان رەھبەرلەرنى ھاكىمىيەتتىن بىر ـ



بىرلەپ يىراقلاشتۇرغان ئىدى .

خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ خىل مىللىي زورلۇقلىقى ۋە ئالدامچىلىقى خەلق قەلبىدە غەزەپ ، ئېچىنىش ، ھەسرەت ۋە قىساس ئوتلىرىنى يالقۇنجاتتى . پۈتۈن جەمئىيەتتە پەيدا بولغان نارازىلىق ، قارشىلىقلار ۋەتەننىڭ ئوت يۈرەك ئوغلانلىرى ، مىللەتنىڭ بىلىملىك زىيالىلىرى بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈرىكىدە يالقۇنلاشقا باشلىدى . شۇنداق قىلىپ شەرقىي تۈركىستان يېقىنقى زامان تارىخىدا تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەملىك دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتى پارتلىدى . 12 ـ دېكابىر ئىنقىلابى ئىلىك مەيدانغا كېلىشى تارىخىي تەقەززالىق نۇقتىسىدىن ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ يەۋقۇلئاددە قىيىن شارائىتتا دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

بۇ ھەرىكەت ئۈرۈمچىنىڭ قار ـ شىۋىرغانلىق قىش كۈنىدە يۈز بەردى . جەڭگىۋار ئوغۇل ـ قىز ئوقۇغۇچى ياشلار قىشنىڭ ئاچچىق ـ سوغۇق ، قار ـ شىۋىرغانلىرىغا قارىماي ، ئۈرۈمچىنىڭ بارلىق كوچىلىرى ھۆكۈمەت دائىرەلىرى ، ئاھالىلار رايونلىرىنى پىيادە ئايلىنىپ ، ئاچلىققا ، ھېرىپ چارچاشقا بەرداشلىق بېرىپ ، سەھەردىن ــ كەچ كىرگۈچە نامايىش قىلدى . ئۇلار غەزەپلىك ۋە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن : ئاتوم پادروسىغا قارشى تۇرىمىز ، ساختا سايلام ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بارايلى ، كۆچمەن كۆچۈرۈش توختىتىلسۇن ، شەرقىي تۈركىستان جازا لاگېرى ئەمەس ، تۇغۇت چەكلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن ، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرايلى دېگەندەك شۇئارلارنى توۋلاپ ، نامايىشنى بىرنەچچە كۈن

داۋام قىلدۇردى . پۈتۈن خەلق كوچىغا چىقىپ ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ، نوت يۇرەك پەرزەنتلىرىنىڭ كۆرىشىنى قوللىدى . تەسىرلەنگەن خەلق كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا ئوقۇغۇچى ياشلارغا نان ، سۇ تارقىتىپ بەردى . خەلق نامايىش سېپىگە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلدى . ئەمما ئوقۇغۇچىلار خىتايلارنىڭ خەلققە بىھۇدە زىيانكەشلىك قىلىپ قويىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە نامايىشنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى قوغداش مەقسىتىدە باشقىلارنىڭ قوشۇلىشىنى تۇستى . ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدىن ھاياجانلانغان ئاۋغۇست پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ۋە ئىيۇل توقۇمچىلىق زاۋۇتى ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپ نامايىش قىلىشقا تەييارلانغان بولسىمۇ ھۆكۈمەت ئالدىن سېزىپ قېلىپ ، ئىشنىڭ زورىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، يېتەكچىلەردىن بىر ـ نەچچىسىنى تۇتۇپ ، ئىشچىلارنىڭ قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى .

ئوقۇغۇچى ياشلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى ۋە كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتى ئوقوغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبور بولدى . ھۆكۈمەت تەرەپ دەسلەپ ھەربىر ئالىي مەكتەپتىن بىردىن ئوقۇغۇچى ۋەكىلى بولۇش تەلىۋىنى قويدى . نامايىشچى ئوقۇغۇچىلار بۇتەلەپنى قەتئى رەت قىلىپ ، ئۇرۇمچى ئۇنىۋېرسىتېتى ئون ۋەكىل ، قالغان يەتتە ئالىي مەكتەپتىن بەشتىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇش تەلىۋىنى قويدى . ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلار يىگىرمە ۋەكىل كىرگۈزدى . بۇ ۋەكىللەر ئوقۇغۇچى ياشلارنىڭ ، شۇنىڭدەك شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۈۋەندىكىدەك ئالتە ماددىلىق ھەققانىي تەلىۋىنى



ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن كەسكىن كۆرەش قىلدى :

بىرىنچى ، شەرقىي تۈركىستان ( شىنجاڭ ) دا دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىش ، خەلق ئۆزلىرى خاھلىغان ، سەۋىيەلىك رەھبەرلەرنى سايلاپ چىقىش ،

ئىككىنچى ، شەرقىي تۈركىستاندا ئاتوم يادرو سىنىقى ئېلىپ بېرىشنى توختۇتۇش ،

ئۈچۈنچى ، شەرقىي تۈركىستانغا كۆچمەن ، جىنايەتچى يۆتكەشنى توختۇتۇش ،

تۆتىنچى ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇش ،

بەشىنچى ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قويۇلغان تۇغۇت چەكلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ،

ئالتىنچى ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش .

سۆھبەت ئىككى كۈن داۋام قىلدى . بۇ ئۈچرىشىشقا ھۆكۈمەت تەرەپتىن خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ ( كومپارتىيەنىڭ باش سېكرىتارى ) ، ھامىدىن نىياز ( مۇئاۋىن سېكرىتار ، خەلق قۇرۇلتىيى مۇدىرى ) ، خۇاڭ باۋجاڭ ( ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ) ، جانابىل ( كومپارتىيەنىڭ مۇئاۋىن سېكرىتارى) قاتارلىق ئون نەچچە ئەمەلدار ، يەنە ئون نەچچە سىياسىيون ـ مۇتىخەسسىسلىرى قاتناشتى . ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ ھەققانىي تەلەپلەرگە ھەرقانداق نەھۋالدا قايىل قىلارلىق جاۋاپ بېرەلمەيتتى . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۆزلىرىچە بۇ تەلەپلەر

ھەققىدە مۇتەخەسسىسلەرگە ماتېرىيال تەييارلاتقۇزۇپ، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىشقان ئىدى. ئەمما ئۇلار بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان، سۆھبەتلىشىۋاتقان ياشلار ئاساسسىز، يالغان پاكىتلارغا، قۇرۇق گەپكە، ئالدامچىلىققا ئالدىنىپ قالىدىغان، قايىل بولۇپ قالىدىغان ساددا، بىلىمسىز كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. بۇ ياشلار ۋەكىللىرى ھەرقايسى بىلىم ساھەلىرىدە ئەتراپلىق ساۋاتقا ئىگە بولغان كەسىپ ئەھلىلىرى بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇلارنىڭ پىكرى ئالدىدا، بولۇپمۇ ھەقىقەت ئالدىدا ئاجىز قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمسىزلىكى، قابىلىيەتسىزلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. بۇنىڭغا شۇنداق بىر ۋەقەنى مىسال قىلىش كۇپايە:

سۆھبەت ئاتوم سىنىقى ئۈستىدە بولىۋاتاتتى، ياشلار ۋەكىللىرى ئىلمىي، پەننىي پاكىتلار بىلەن ئاتوم يادرو سىنىقىغا قارشى سۆزلەۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولغان جانابىل ( قازاق، مەدەنىي مائارىپ، تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل ئەمەلدار ) : « بىز ئاتوم بومبىسىنى شامال غەربتىن شەرققە قاراپ چىققاندا ئاتىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا شىنجاڭغا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ، » دەپ بىلەرمەنلىك، ساختىپەزلىك قىلىپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ بۇ مەنتىقىسىز سۆزى تۈگىمەستىنلا پۈتۈن مەيداننى مەسخىرىلىك كۈلكە قاپلاپ كەتتى. ئارقىدىنلا ياشلارنىڭ بىر ۋەكىلى ئورنىدىن تۇرۇپ: ھۆرمەتلىك سېكرېتار، ئاتوم بومبىسى سىزنىڭ قايسى تەرەپكە ھۇيت دېسىڭىز شۇ تەرەپكە ماڭىدىغان تاغدىكى قويىڭىز ئەمەس، دەپ ئەجەللىك زەربە بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى شامال يۆنىلىشلىرى، ئاتوم زەررىچىلىرىنىڭ تەسىر قىلىش دائىرىلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر



زىيانلىرى ھەققىدە ئىلمىي پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. ( ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ رەسۋاچىلىقى تۈپەيلىدىن ھۆكۈمەت جانابىلنى قاتتىق تەنقىد قىلغانمىش. ) ھۆكۈمەت تەرەپ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئاجىز، پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ ھەيۋە قىلىشقا، بېسىم ئىشلىتىشكە ئۆرۈندى. بۇ تاكتىكىسىمۇ ئەسقاتمىغاندىن كېيىن، ئىسىل يىمەكلىكلەر بىلەن زىياپەت تەييارلاپ ئالدىماقچى بولدى. ئەمما مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى، ھەققانىي تەلەپلىرى يولىدا بولىۋاتقان بۇ كۆرەشلەرنىڭ قانچىلىق ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەممىدە بۇ كۆرەشلەردىكى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ قانچىلىق مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن بۇ ياشلار ھەرقانداق ھىيلە - مىكىرلەرگە ئالدانمايتتى.

خىتاي مۇستەبىتلىرى ئوقۇغۇچى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنى بىر ئاز پەسەيگەن، نورمال ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دىكتاتورا ئىشلىتىشكە باشلىدى. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە « 12 - دېكابىر ۋەقەسىنى ئېنىقلاش، بىرتەرەپ قىلىش كومىتېتى » قۇردى ۋە بۇ خىزمەتكە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ، ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلغانلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئىشتىراك قىلغۇچىلار ھەتتا ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنىمۇ سۈرۈشتە قىلىپ ئېنىقلاشقا باشلىدى. بارلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئۈچ كۈن دەرس توختىتىپ، سىنىپلارغا قەدەر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىپ ھەربىر ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىنىڭ بۇ ھەرىكەتكە بولغان كۆزقارىشىنى مەجبۇرى سۆزلەتكۈزدى. قاتناشقۇچىلارغا دىكتاتور يۈرگۈزۈپ، « تەكشۈرۈش ماتېرىيالى » يېزىشقا قىستىدى. يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنى «

خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش ، تۈزەش قىلىش قا مەجبۇرلىدى . بو ھەرىكەتنى 12 - دېكابىر جىدەل چىقىرىش ۋەقەسى دەپ ئاتىدى . خاتالىقنى تۈنىمىغانلارغا ۋە كۆز قارىشى ئېنىق بولمىغانلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھ نامىسى بېرىلمەيدۇ ، دەپ بەلگۈلىمە ئېلان قىلدى . بۇ ھەرىكەتنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرىغا مەكتەپتە قالدۇرۇپ سىناش ، ئارخىۋىغا گۇناھ يېزىش ، ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىق جازا چارىلىرىنى ئىجرا قىلدى . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەڭ چەت يېزىلارغا ھەيدەپ ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش ، ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ ئۆچ ئالدى . بۇ ياشلارنىڭ بىر قىسمى تاكى بۈگۈنگە قەدەر گۇمانلىق ، دەپ قارىلىپ ، نازارەت ئاستىدا ياشىماقتا .

خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمدارلىرى شەرقىي تۈركىستان دېمۇكراتىك ياشلار ھەرىكىتىنى جىدەل چىقىرىش ۋەقەسى دەپ قارىلاپ ، قاتناشقۇچىلارغا دىكتاتورا يۈرگۈزۈپ ، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىپ ، شەرقىي تۈركىستاندا 2 - قېتىم دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى . ئەمما خىتايلارنىڭ دىكتاتورىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئويغىنىشنى ، ياشلار ھەرىكىتىنى توسۇپ قالالىغىنى يوق . ئەكسىچە ياشلار ھەرىكىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ باردى .

1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شەرقىي تۈركىستاندا 2 - قېتىم دېمۇكراتىك ياشلار ھەرىكىتى پارتلىدى . 12 - دېكابىر ھەرىكىتىدىن ئۈچ يىل كېيىن قوزغالغان بۇ ۋەقە خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنى قاتتىق بىئارام قىلدى . مەن ( دولقۇن ئەيسا ) 12 - دېكابىر ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرىدىن ئىدىم .



2 - قېتىملىق ياشلار ھەرىكىتىگە مەسلەكداش دوستلىرىم بىلەن بىرلىكتە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدىم ۋە ئۇنى پىلانلىدىم . ( دوستلىرىم ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا نازارەت ئاستىدا تۈرىۋاتقاچقا ئىسىملىرىنى ئاتىمىدىم ) 1988 - يىلى 15 - ئىيۇن كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈرۈمچى ئونىۋېرسىتېتىدا مىللىي كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىلىشى ۋە دەرس تاشلاپ نامايىش قىلىش ھەرىكىتى قوزغىدى . ئوقۇغۇچىلار ئىككى كۈن كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلدى . نامايىشقا تۆت مىڭدىن ئارتۇق ياش قاتناشتى . بۇ قېتىمقى دېمۇكراتىك ئىنقىلاب شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى . مىللەتنىڭ ياشلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى . شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ئىنقىلابىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتەردى .

15 - ئىيۇن ۋەقەسى دەپ ئاتالغان بۇ ھەرىكەتنى ئۈرۈمچى ئونىۋېرسىتېتىنى مەركەز قىلىپ ، بىرقانچە ئالىي مەكتەپتە قۇرۇلغان ئوقۇغۇچىلار پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى تەشكىللىدى . ئۇلار ئۇزۇن تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتتە ۋە ئالىي مەكتەپلەردە بۇ قېتىمقى ئىنقىلابىنىڭ ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتىنى ھازىرلىدى . 12 - دېكابىر ھەرىكىتىدىن كېيىن ، جەمئىيەتتە ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ياشلارنىڭ ئىجتىمائىي، پائالىيەتلىرى جانلىنىشقا باشلىغان ئىدى . ھەرخىل ئىلمىي ، ئىجتىمائىي ، ئاممۇىي تەشكىلاتلار ، جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى . بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ئىچىدىكى پائالىيەتلىرى بىر قەدەر جانلىق ، تەسىرى كۈچلۈك بولغىنى ئوقۇغۇچىلار پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى ئىدى . بۇ

ئۇيغۇرشمىدىكى مەسلەكداش دوستلار ، ساۋاقداشلار جاپالىق تىرىشىش ، پۇختا تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق ، 1987 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بەش يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى - ئوقۇغۇچىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇغۇچىلار پەن - مەدەنىيەت ئويۇشمىسى نى قۇرۇپ چىقتۇق . مەن ئويۇشما رەئىسلىكىگە سايلاندىم . قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئويۇشما ئەزالىرىنىڭ سانى 1 مىڭ 500 دىن ئېشىپ كەتتى . تەبىئىكى بۇ ئۇيۇشما سىياسىي تەشكىلات ئەمەس ئىدى . بو بىر ئاممۇبىي ، ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ ، مىللەتنىڭ ، جەمئىيەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ، ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇشنى مەقسەت قىلاتتى . ئەمما خىتاي ھۆكۈمدارلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىنى خاھلىمايتتى . شۇڭلاشقا ، بۇ ئويۇشمىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىپ ، تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، چىدىمىغان ھۆكۈمەت ، مەكتەپ رەھبەرلىرى ئۇيۇشمىنىڭ قۇرۇلىشىغا ئۇقماستىن روخسەت بېرىپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىشتى . ئويۇشما پائالىيەتلىرىگە قەستەن بەزى توسالغۇلارنى پەيدا قىلىشقا تىرىشتى . ئەمما ئىمكانىيەت يار بەرگەن ، قانۇن يول قويغان دائىرەلەردە ، يۇچۇقلاردىن پايدىلىنىپ ، ئويۇشما پائالىيەتلىرىنى بارغانسېرى كۆچەيتىپ باردۇق . بارا - بارا پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ، سانائەت ئىنىستىتوتى ، بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى نى قۇرۇپ ، قېرىنداش ئۇيۇشمىلار تورىنى شەكىللەندۇردۇق . ئاخىرىدا ئالىي مەكتەپلەر ھەمكارلىق كومىتېتى نى قۇرۇپ چىقتۇق . ئۇيۇشما تەتىل ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ، ئەزالىرىنى ۋەتەنىنىڭ ھەرقايسى



جايلىرىغا ئەۋەتىپ ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ، مەدەنىيەت كۇرسلىرىنى ئېچىش ، جەمئىيەت تەكشۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللاندى . بولۇپمۇ 88 - يىلى غۇلجىغا جەمئىيەت تەكشۈرۈشكە بارغان گۇرۇپپا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى . ئولار تەتىل داۋامىدا غۇلجىدىكى ئون يەتتىدىن ئارتۇق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ خاراپلىشىۋاتقان ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئېچىنىشلىق مىللىي مائارىپىمىز بىلەن ھەشەمەتلىك ، تەرەققىي قىلىۋاتقان خىتاي مائارىپىنى سېلىشتۇرۇپ ، ئەمەلىي پاكىتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىنئالغۇ لىنتىسىنى ئىشلەپ ، يەتمىش پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت تارتىپ كەلدى . شۇ چاغدا غۇلجىدا سىنىپلار ئۆرۈلۈپ كەتكەن ياكى خەتەرلىك ھالغا كېلىپ قالغان ۋە سىنىپ يېتىشمەسلىكتىن ئون مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇشسىز قالغان ئىدى . بىز ئەمەلىي پاكىتلارغا ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن خاراپلىشىۋاتقان مىللىي مائارىپ ھەققىدە بىر يازما دوكلات تەييارلىدۇق ۋە ھۆكۈمەتكە يوللاپ ، مىللىي مائارىپىمىزغا ، مىللىي مائارىپنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇردۇق . سىنئالغۇ لىنتىسىنى قويۇپ ، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئېچىپ ، جەمئىيەتكە ۋە مىللەتكە مىللىي مائارىپىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش چاقىرىقىنى چىقاردۇق . ئويۇشما سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەپ ، ئەجدادلار ئىزىدىن ، ئۇيغۇر ئوغلى ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى قاتارلىق تارىخىي درامىلارنى تەييارلاپ ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ۋە جەمئىيەتتە كۆرسىتىپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مىللەتچىلىك تەشۋىقاتى ئېلىپ باردۇق . ياشلار ھەرىكىتى كۈچلۈك راۋاجلىنىۋاتقان كۈنلەردە ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارمۇ بەزى ئەسەبىيلىشىش ھەرىكەتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى .

خىتايلار تەپ تارتماستىن ئۇرۇمچى كوچىلىرىغا : ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن دېگەندەك شۇئارلارنى چاپلاشقا باشلىدى . بۇ خىل ئەشەددى ھەرىكەتلەر ، بولۇپمۇ ئۇرۇمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەڭ روشەن ، ئەڭ كۈچلۈك ئەكس ئېتىشكە باشلىدى . مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنى نازارەت ۋە كونترول قىلىش مەقسىتىدە ، مىللەتلەر ئىتتىپاقى شۇئارى ئاستىدا خىتاي ۋە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى بىر بىنادا ، بىر ياتاقتا ياتقۇزۇش بەلگىلىمىسىنى چىقارغاندىن كېيىن : چەنتۇلار بىلەن بىللە ياتمايمىز ، قازاقلاردىن قوي پۇرايدۇ دېگەندەك مىللىي كەمسىتىش ۋە ھاقارەت مەزمۇنلىرىغا تولغان سەكسەن نەچچە پارچە تەشۋىقات ۋارىقى مەكتەپ تاملىرىغا چاپلاندى . خىتايلارنىڭ بۇ خىل رەزىل قىلمىشى ، قانۇنسىز پائالىيەتلىرىنى مەكتەپ رەھبەرلىكى سۈرۈشتە قىلىپمۇ قويمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇمچى ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكولتېتى بىناسىنىڭ ھاجەتخانا ئىشىكىگە خىتايلار تەرىپىدىن : ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قۇل قىلىپ ، قىزلىرىنى جالاپ قىلىۋېتەيلى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى قېرى سەللىباشلار ، چەنتۇلار بىلەن چوشقىلارنىڭ بۇ يەرگە تاھارەت قىلىشى چەكلىنىدۇ دېگەن ئىنتايىن رەزىل ، ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل شۇئارلار يېزىلدى . ھەرقانداق كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ، بۇۋەتەننىڭ ، بۇ تۇپراقنىڭ ئىگىسى ، خوجايىنى بولغان ئۇيغۇرلارنى ھاقارەتلەيدىغان مۇنداق ئىپلاس شۇئارنىڭ ئاشكارا چاپلىنىشى ھەرگىزمۇ تەسادىپى ۋەقە بولماستىن ، بۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇمۇمىسىز خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ ۋەھشىي سىياسىي مەقسەتلىرى يوشۇرۇلغان ئىدى . مىللىي ئوقۇغۇچىلار بۇ ۋەقەنى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ، قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ، بىر ئاي جاۋاپ كۈتكەن بولسىمۇ ، بۇ



ھەقتە ھېچقانداق سۈرۈشتە بولمىدى . بۇ ۋەقە پارتلاش ھالىتىدە تۇرغان دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى ئۈچۈن، ئوت تۇتاشتۇرغۇچى پىلىك رولىنى ئوينىدى .

تاقەت قىلالمىغان ئوقۇغۇچىلار ۋەكىل كىرگۈزۈپ ، مەكتەپ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە بۇ ئەكسىيەتچى ۋەقەنى ئېنىقلاش خىزمىتى ھەققىدە بارلىق مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا دوكلات بېرىشنى تەلەپ قىلدى . مەكتەپ تەشكىلى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنىڭ بۇ ھەققانى تەلىۋىنى رەت قىلدى . قاتتىق غەزەپلەنگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى يىغىن تەشكىللەش قارارىغا كەلدى . ئەتىسى 15 ـ ئىيۇن كۈنى فىزىكا بىناسىنىڭ ئالدىدا مىللىي كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىنى ئاچتى . بۇنىڭدىن ئۇن بەش كۈن ئىلگىرى پەن ـ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى نامىدىن ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان ئون ئىككى كىشىلىك گۇرۇپپا ھۆكۈمەت ، پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي مەسىلىلەر ، مىللىي مائارىپ قاتارلىق تېمىلاردا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەلىۋىنى ئىپادىلەپ يازما دوكلات سۇنغان ئىدى . 15 ـ كۈنى سەھەردە مەكتەپ تەشكىلى مەن بىلەن يەنە بىر ئۇيۇشما رەھبىرىنى ھۆكۈمەت تەرەپ سۆھبەتكە چاقىرغانلىقىنى ئۇقتۇردى . بىز ئون ئىككى ۋەكىلمىز تولۇق بولمىغان ئەھۋالدا ھەرقانداق سۆھبەتكە قاتناشمايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ ، رەت قىلدۇق . مەكتەپ رەھبەرلىكى بىزگە بۈگۈنكى رەسمىي سۆھبەت ئەمەس ، سۆھبەتنىڭ كۈن تەرتىۋىنى بەلگىلەيدىغان ، مەزمۇنى ھەققىدە سۆزلىشىدىغان يىغىن ، دېگەندىن كېيىن بىز بېرىشقا قوشۇلدۇق . ئەمما ئۇلار بىزنى ئالدىغان ئىدى . بىز رەسمىي

سۆھبەت ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق . پارتكوم مۇئاۋىن سېكرېتارى جانابىل ، مائارىپ نازىرى جاڭ ياڭ ، مالىيە نازىرى ماھمۇت ، پىلان كومىتېتى مۇدىرى توختى ئېلى قاتارلىق ئەمەلدارلار سۆھبەت ھازىرلىقىدا تەييار تۇرغان ئىكەن ، سۆھبەت باشلىنىپلا جىددىي مۇنازىرىلەر بولدى . بىزنىڭ تەلەپلىرىمىز ھەققانى بولغاچقا ، ھامان غالىپ كەلدۇق . جانابىل ھەرخىل باھانە ، سەۋەپ ۋە پاكىتلارنى كۆرسىتىپ بىزنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، بىزنىڭ ئاساس ۋە دەلىللىرىمىز ئالدىدا ئاجىز كەلدى . بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مائارىپى ھەققىدىكى مۇنازىرە ناھايىتى كەسكىن بولدى . سۆھبەت بەش سائەت داۋام قىلغان بولسىمۇ ، ئۇلار بىزنىڭ ھەققانى تەلەپ ـ سوئاللىرىمىزغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرەلمىدى . بىزنى قايىل قىلالمىدى . نەتىجىدە سۆھبەت كەينىگە سۈرۈلدى . ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتا سۆھبەتلىشىدىغان بولۇپ قايتتۇق . مەكتەپتە يىغىلىش بولىۋاتاتتى . مەكتەپ رەھبەرلىرى مېنى سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈشكە قىستىدى . مەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەممە ئەھۋالنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم . پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى . مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش يىغىنى سائەت ئىككىگە قەدەر داۋام قىلدى . ئارقىدىنلا ئوقۇغۇچىلار شۇئار تاختىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ، مەكتەپتىن ئايرىلىپ كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشقا باشلىدى . پۈتۈن شەھەر خەلقى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بىزنى قىزغىن ئالقىشلىدى . قاتتىق تەسىرلەنگەن خەلق ، ئوقۇغۇچى ياشلارغا ئېسىلىشىپ ھۆكىرەپ يىغلىدى ۋە قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى . خەلقنىڭ بۇ خىل ھاياجانلىق قوللاشلىرىدىن جاسارەتلەنگەن ياشلارنىڭ نامايىش قوشۇنى ئاچلىقتا ، ھېرىپ ـ چارچاشتا قارىماستىن شەھەرنى ئايلىنىپ : مىللىي



كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرىمىز ، ياشسۇن ئىنسان ھوقۇقى ، ياشسۇن مىللىي باراۋەرلىك ، خىتايلارنىڭ قۇل قىلىشىغا قارشى تۇرىمىز ، خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن ، مىللىي مائارىپىمىزنى قوغداپ قالايلى دېگەندەك چەڭگىۋار شۇئارلارنى ياڭرىتىپ ، كۆرەشلىرىنى داۋام قىلدى . بۇ قېتىمقى كۆرەشنىڭ پروگراممىسى تۆۋەندىكىچە :

بىرىنچى : ئىنسانى ھوقۇقلىرىمىزنى تەلەپ قىلىش ،

ئىككىنچى : مىللىي كەمسىتىش ، مىللىي باراۋەرسىزلىككە قارشى تۇرۇش ،

ئۈچۈنچى : خارابلىشىۋاتقان مىللىي مائارىپىمىزنى قوغداپ قېلىش ،

خىتاي ھۆكۈمىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ كۆرەشلىرىدىن قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كەتتى . ھۆكۈمەت ئىككىنچى قېتىملىق ياشلار دېموكراتىك ھەرىكىتىنىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا 15 ـ ئىيۇن جىدەل چىقىرىش ۋەقەسى دەپ ئاتىدى ۋە مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپ ، بۇ ۋەقەنى بىرتەرەپ قىلىشنىڭ پىرىنسىپلىرىنى ، بەلگىلىمىلىرىنى ئېلان قىلدى . پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن ھامىدىن نىياز ، جانابىل ، خۇاڭ باۋجاڭلارنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدىكى ئېنقىلاش ، بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقتى . ئالىي مەكتەپلەرگە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىپ ، مەخسۇس ئىشخانا تەسىس قىلدى . ئۇرۇمچى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۆزىدىلا تەركىبىدە قۇراللىق ساقچىلار بولغان تۆت يۈز كىشىلىك دىكتاتورا گۇرۇپپىسى قۇرۇپ ، ئوقۇغۇچىلار رەھبەرلىرىنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالدى . كېچە ـ كۈندۈز نازارەت قىلىشقا باشلىدى . ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش چەكلەندى . بىر

يەرگە بېرىش ئۈچۈن روخسەت سوراش بەلگىلەندى . ئارقىسىغا پايلاقچى سېلىپ قاتتىق كۆزەتتى . ئۇيۇشما ھەيئەتلىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىشى، پاراڭلىشىشىمۇ چەكلەندى . تەتىل مەزگىلىدە ئۆيىمىزگە قايتىشىمىزغا روخسەت قىلىنمىدى . ئۆيگە قايتقانلارنى چاقىرتىپ كېلىپ سوراق قىلدى . بۇ خىل ئىنقىلاش پائالىيىتى تۆت ئاي داۋام قىلدى . ھۆكۈمەت تەرەپ ئالدىنقى قېتىم قوللانغان تاكتىكىسىنى قايتا بىر قېتىم ئىشلەتتى . نامايىشتىن كېيىن ئۈچ كۈن دەرس توختىتىپ ، سىنىپلارغا قەدەر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە ، خاتالىقىنى تونۇشقا قىستىدى. لېكىن ئۇلار كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىدى . كۆپچىلىك ھەقىقەتتە چىڭ تۇردى . بۇ قېتىمقى كۈرەشنىڭ ھەققانىي ۋە ھەقلىق داۋا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، شەرقىي تۈركىستان زىيالىيلىرىنىڭ ، ياشلىرىنىڭ كۈرەش قىلىش ئىگىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايان قىلدى . پروفېسسورلار ، ئوقۇتقۇچىلار ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىپ ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئىنتايىن پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مىسال ئۈچۈن مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ ئۆتۈش كۇپايە قىلىدۇ :

ئىنقىلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ھامىدىن نىياز ئۇنىۋېرسىتېتىمىزگە كېلىپ پروفېسسورلارغا يىغىن ئېچىپ ، 15 - ئىيۇن ۋەقەسىگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى سۆزلەشكە ، بۇ ۋەقەنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇشقا قىستايدۇ . پروفېسسورلار پىكىر قىلماستىن جىم ئولتۇرۇپ ئارقىلىق نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . ئۇ قىستاۋەرگەندىن كېيىن ،



بىر پروفېسسور ئۆيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ، شۇنداق دەيدۇ : خەنزۇ خەلق چۆچەكلىرىدە شۇنداق بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ . بىر پادىشاھنىڭ تەختى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ ، قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ، پادىشاھ مەملىكىتىدىكى ھەر تەبىقە كىشىلىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەت سورايدۇ . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بايلار ، كەمبەغەللەر ، دانىشمەنلەر بولۇپ ، بىر كەمبەغەل پادىشاھقا : دات ، پادىشاھى ئالەم ، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، مەن ئەرزىمنى بايان قىلاي دەپ سۆزىنى باشلايدۇ . پادىشاھ كەچتىم ، دېيىشى بىلەن ئۇ سۆزىنى باشلايدۇ ... پروفېسسور شۇيەرگە كەلگەندە دەرھال ھامىدىن نىيازغا قاراپ : دات ، پادىشاھى ئالەم بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ، مەن سۆزلەي ، دەيدۇ . پۈتۈن مەيداننى كۈلكە قاپلاپ كېتىدۇ . ھامىدىن نىيازنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، بەكمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ . ئۇ پروفېسسور تەكرار :

دات پادىشاھى ئالەم ، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ، مەن سۆزلەي دېگەندە ، ھامىدىن نىياز : سۆزلەڭ ، سۆزلەڭ ، ھەممە ئادەمنىڭ سۆزلەش ئەركىنلىكى بار ، دەپ ئۆتۈپ كەتكەن .

پروفېسسور : كەچتىم دېسىلە تۆت بالام بار ، دەپ قاتتىق كىنايە قىلغان . ھاماقەت ئەمەلدار كەچتىم ، دېگەن . ئاندىن پروفېسسور مۇنۇلارنى سۆزلىگەن :

ــ ھۆرمەتلىك مۇدىر ، سىز خىتايلار شىنجاڭ ( شەرقىي تۈركىستان ) غا كىرگەندىن كېيىن ، ئۇنداق ئۆزگىرىش بولدى ، مۇنداق تەرەققىيات بولدى ، دەيسىز . توغرا ، سىز بىر يەكشەنبە كۈنى بەش ياشلىق نەۋرىگىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىپ كۆرۈڭ ، نېمە دېگەن چىرايلىق بىنالار ، نېمە دېگەن ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلار . ئەپسۇسكى ، سىز شۇ بىنالارنىڭ بىرىگە

كىرىپ، خاھلىغان بىر ئىشىكنى چېكىڭ، ئۇ ئۆيدىن كىم چىقىدۇ؟ بۇ ھەشەمەتلەرنىڭ قانچە پىرسەنتىدىن سىزنىڭ مىللىتىڭىز بەھرىمەن بولىۋاتىدۇ؟ سىزنىڭ يۇرتىڭىز بۈگۈردىن نېفىت چىقتى. سىز ئۇ يەرگە قاراپ بېقىڭ، نېمە دېگەن سۆزۈك!؟ نېمە دېگەن چىرايلىق!؟ ئەپسۇسكى، بۇ نېفىتتىن بىر كۆرۈشكا ئېلىپ ئىشلىتەلەمسىز؟ بۈگۈر خەلقى يۇرتداشلىرىڭىز كەمبەغەللىكتىن، بىچارىلىقتىن قۇتۇلدىمۇ؟ پروفېسسور شۇ سۆزلەرنى قىلىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان. ھامىدىن نىياز گەپ - سۆز قىلالماستىن ئولتۇرۇپ قالغان. ئۇ پروفېسسورلارنىڭ ئۆتكۈر كۆرەشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما ھۆكۈمەتكە قايتىپ بېرىپلا خىتاي ئاكىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ: ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر ئۈچۈم قاۋان كۈچلەر ماڭا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. دەپ يىغلاپ شىكايەت قىلغان. خىتايلارنىڭ بۇ سادىق غالچىلىرى، مىللىي مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى، بىلىمسىزلىكىنى ھامان چاندۇرۇپ تۇراتتى.

بۇنىڭغا ئەمەلىي مىسال بولىدىغان، جانابىلىنىڭ مۇنداق ئۈچ ئېغىز سۆزى زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ: بىزنى تەكشۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، جانابىل يىگىرمىگە يېقىن يالاقچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. (چىرايلىقچە ئىسمى سۆھبەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە سوراق ئىدى.) ئۇ ماڭا:

1- دولقۇن سېنىڭ يازغان ئوينىغان درامىلىرىڭ خاتا، چۈنكى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر، ئەمما



كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەس. شۇنداقكەن دىرامىما ئويناشقا بولمايدۇ.

2- بەزى سىنىپلارغا كىرسەم مەھمۇد قەشقەرى، ئابايلارنىڭ سۆزلىرى خۇشخەت بىلەن يېزىلىپ يوغان قىلىپ ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. ئۇلارنى ئېلىۋېتىش كېرەك، چۈنكى ئاباي قونانباي بىزنىڭ شائىرىمىز ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شائىرى.

3- بىر تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارغا سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى خىتايلارنىڭ زېمىنى، سىرتى ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئىدى، تارىختا خىتايلار ئۇيغۇرلاردىن قورقۇپ سەددىچىن سېپىلىنى سالدۇرغان، دەپ دەرس سۆزلەپتۇ، بۇنداق تارىخ بىلمەيدىغان ئوقۇتقۇچىنى مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىش كېرەك. دەرس بېرىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك. شىنجاڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرى ئاتمىشىنچى يىللاردىلا جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان. سەددىچىننىڭ سېلىنىشىدىكى سەۋەپ، سېپىلنىڭ ئىچى - تېشىدىكى قەبىلىلەرنىڭ قوي، چارۋىلىرى ئارىلىشىپ كېتىپ بەزى جېدەللەر چىققان. ئارىلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سەددىچىن سېپىلى سېلىنغان.

مانا بۇ سۆزلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي ۋەكىلى، رەھبىرى نىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەر ئىدى. خىتايلار ئەنە شۇنداق ساۋاتسىز غالچىلارنى تاللاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەپ ئۆز يېغى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

مىللەت بۇنداق مىللىي رەھبەر ئىچىدىن كىمنىڭ ھەقىقىي خىتاي غالچىسى، كىمنىڭ ئەسلىدىن خىتاي جاسۇسى، كىمنىڭ ئىككى يۈزلىمىچى،

پۈرسەتپەرەس ۋە كىمنىڭ مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن ، مىللەت تەقدىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئۇڭايلا ئايرىپ ئالالايدۇ . بۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇشتا ، ئوقۇغۇچىلارنى جازالاشتا خوجايىنلىرىغا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن مىللىي مۇناپىقلاردىن يۇقىرىقىلاردىن باشقا مۇھەممەد ئىسمايىل ( ھۆكۈمەت مۇئاۋىن باش كاتىۋى) ، سادىر قاسىم ( مائارىپ نازارىتى مۇئاۋىنى ) ، نىياز ( پارتكوم مەخپىيەتلىك ساقلاش باشقارما باشلىقى ) ، ئىبراھىم خالىق ( ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى مۇدىرى ) ، ئابدۇلھەكىم ( پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مۇدىرى ) ، سابىقات ( ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى مۇئاۋىنى ) ، توختى ئابدۇللا ( پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مائارىپ باشقارما باشلىقى ) ، مۇھەممەدئەلى دانى ( خەلق قۇرۇلتىيى كاتىبات باشقارما كاتىۋى ) ، روزىيۇپ ( ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكولتېتى مۇدىرى ) ، ئابدۇلھەمىد ھېلىم ( سانائەت ئىنستىتوتى مۇئاۋىن مۇدىرى) ، مەخسۇتبېك ( ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكولتېتى مۇئاۋىنى ) قاتارلىقلارنى ئۇنتۇپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ . بۇلار ئەمەلىي پەيتلەردە ، خىزمەت مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ ، خوجايىنلىرىغا سادىقلىقىنى ئىپادىلەش ، جىددىي پۈرسەتتە تۆھپە يارىتىپ ياخشى كۆرۈنۈش مەقسەتلىرىدە خەلقنىڭ ، مىللەتنىڭ قان بەدىلىگە كەلگەن جانجان مەنپەئەتلىرىنى ساتىدىغان مىللىي مۇناپىقلاردۇر . مىللەت كەلگۈسىدە چوقۇم بۇلاردىن قىساسىنى ئالماي قويمايدۇ . يەنە بەزىلەرنىڭ ئىسمىلىرى تۇرلۇك سەۋەپلەردىن ئېلان قىلىنمىدى . دېمەك ، خىتايلار يۇقىرىقىدەك مىللىي مۇناپىق غالچىلارغا تايىنىپ ، ياشلار ھەرىكىتىگە قاتناشقۇچىلارنى سوراق قىلدى ، جازالىدى . پەقەت مېنىلا نوتتۇز نەچچە قېتىم سوراق قىلىشتى ، 1988 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بارلىق



ئالىي مەكتەپلەردە جىددىي يىغىن ئېچىپ ، 15 - ئىيۇن ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرىگە جازا چارىلىرىنى ئېلان قىلدى . ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىككى ئوقۇغۇچىغا ئوقۇش تەۋەلىكىنى ئېلىپ تاشلاش جازاسى بەردى . بۇنىڭ بىرسى مەن . باشقا ئون بىر نەپەر ئوقۇغۇچىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ، مەكتەپتە قالدۇرۇپ سىناش ، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ، گۇناھ يېزىش چارىلىرى بېرىلدى . پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىر نەپەر ئوقۇغۇچىمۇ مەكتەپتىن قوغلاندى . سەككىزىگە ھەرخىل چارىلەر كۆرۈلدى . باشقا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار رەھبەرلىرىمۇ ئوخشاش جازالارغا ئۇچرىدى . ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر چەت يېزا - قىشلاقلارغا قوغلاندى . بەزىلىرى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمىدى . بۇلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرغىچە نازارەت ئاستىدا ياشىماقتا . مەنمۇ بەزى ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ چەتئەلگە قېچىپ چىققاندىن كېيىنلا خىتايلارنىڭ تەقىبىدىن قۇتۇلۇپ ، سىياسىي ئەركىنلىكىمگە ئېرىشتىم .

ئارقا - ئارقىدىن پارتلىغان ئىككى قېتىملىق دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتى شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى . بۇ ۋەتىنىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دېموكراتىك ئىنقىلاب بولدى . بۇ ئىنقىلاب ئەڭ كۈچلۈك ئويغىتىش رولىنى ئوينىدى . شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ، ئىنسانىي ھوقوقى ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلىرىنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە داۋام قىلىدىغانلىقىنى دۇنياغا جاكارلىدى . خەلقنىڭ زىيالىلارغا ، ياشلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى ، ئۈمىدىنى كۈچەيتتى . خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ ئالدامچىلىقىنى، ئەپتى - بەشىرىسىنى ۋەتەن خەلقىگە ۋە دۇنياغا ئاشكارىلىدى.

خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ ھىلە - مىكىرلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ ، ئۇلارغا نەجەللىك زەربە بەردى . ياشلار ھەرىكىتىدىن چۆچىگەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى بەزى سىياسەتلىرىنى ، قانۇنلىرىنى ئۆزگەرتىپ ، ئوقۇغۇچى ياشلارنىڭ ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش ، ئۇلارنى ساقچى دىكتاتورا ئارقىلىق باشقۇرۇش مەقسىتىدە ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ناھىيە دەرىجىلىك ساقچى ئىدارىلىرى قۇرۇپ چىقتى . نامايىش قىلىش ، سۆز - مەتبۇئات ، ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكلىرى بىكار قىلىندى . بۇ ھەقتە مەخسۇس قانۇن - تۈزۈم ، بەلگىلىمەر ئېلان قىلىندى . ئەمما بۇ فاشىستىك دىكتاتورلار ئۇلغىيىۋاتقان ياشلار ھەرىكىتىنى ۋە دېموكراتىك ئېقىمنى توسۇپ قالالمىدى . بۇ ئىككى قېتىملىق دىموكراتىك ياشلار ھەرىكىتى باشقا كۆرەشلەردىن تۆۋەندىكى بىرقانچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرىقلىنىدۇ :

بىرىنچى ، بۇ كۈرەش شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھۆرلۈككە ۋە دېموكراتىيەگە بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن ، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ، دۇنيا خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا بولغان ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى . بولۇپمۇ ئاتوم - يادرو سىنىقىغا قارشى پائالىيەتلىرى دۇنيا تارىخىدا ئوقۇغۇچى ياشلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئاتوم سىنىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىدۇر . بۇ كۈرەش دۇنيا ياشلىرىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا قوشقان تۆھپىسى بولۇپ ، ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كۈرىشىدە يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى .

ئىككىنچى ، بۇ ساپ زىيالىلار ھەرىكىتى بولۇپ ، بۇ كۈرەشنى زىيالىلار قوشۇنى ئېلىپ باردى ۋە ئۇنىڭغا باشتىن ئاخىر ياش زىيالىلار يېتەكچىلىك



قىلدى . كۈرەش تەشكىللىك ، پىلانلىق ، سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلدى . شۇڭا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئەتراپلىق ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا ، دادىللىق بىلەن قەتئىي ئوتتۇرىغا قويالىدى .

ئۈچۈنچى ، جەمئىيەتنىڭ ، مىللەتنىڭ ياشلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ ، زىيالىلار قوشۇنىنىڭ ۋەتەن داۋاسى كۈرىشىدىكى ئاۋانگارتلىق ، يېتەكچىلىك رولىنى نامايان قىلدى .

تۆتىنچى ، بۇ كۈرەش قان تۆكمەستىن ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب بولدى . خىتاي قىساسچىلىرىنىڭ بىگۇناھ قان تۆكىشى ، ئادەم ئۆلتۈرۈشىدىن ساقلاندى. قانۇنى بوشلۇقتىن پايدىلىنىلدى .

بەشىنچى ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ دۈشمەن پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك ئەھۋالدىكى دېموكراتىك كۈرىشىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى ، شەكلىنى ، يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى .

( بۇ ماقالە 1985 - يىلى 12 - دېكابىردا پارتلىغان شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ 10 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستاندا ياشلار ھەرىكىتى ناملىق مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنۇلغان )

# شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرۈپ كەلدى . بۇ كۈرەشلەر نۇرغۇن ئىنقىلاپچىلارنى ، قابىلىيەتلىك قوماندانلارنى ، تالانتلىق سىياسەتچىلەرنى ، ئۇلۇغ دۆلەت ئەربابلىرىنى يېتىشتۈردى . بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ كۈرەش جەريانى بولۇپ ، ھەرقايسى دەۋردىكى كۈرەش شەكلى ، خاراكتېرىمۇ ھەرخىل بولدى . پۈتكۈل يەرشارى خاراكتېرلىق سىياسىي كۈرەشلەرگە تەسىر كۆرسەتتى . 1944 - يىلدىكى يالتا يىغىنىدا روزىۋېلت ، چېرچىل ۋە ستالىندىن ئىبارەت جاھانگىر كۈچلەرنىڭ دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشى ، دۇنيا خەرىتىسىنى يېڭىدىن سىزىپ چىقىشىدەك سىياسىي ئويۇنلىرىنىڭ مۇھىم تېمىسى بولدى ۋە بۇ ئاجايىپ ئويۇنلاردا قالتىس كوزىرلىق رول ئوينىدى .

مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىز مەيلى راۋاجلىنىپ غەلىبە قىلغان چاغلىرى ياكى مەغلۇپ بولۇپ پەس كويغا چۈشكەن چاغلىرىدا بولسۇن ، مەيلى قوراللىق ئىنقىلابتا ياكى سىياسىي كۈرەشتە بولسۇن ، ئىزچىل ھالدا پۈتۈن كۈرەش تارىخىمىزدا ئاكتىپ ، ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئاۋانگارت بىر قوشۇن بار ، بۇ قوشۇن ياشلار قوشۇنىدۇر .

تارىختىن بۇيانقى مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزدە ياشلار ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى . ئىنقىلابتىكى



ياشلارنىڭ رولى ۋە ئورنى مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرسىدۇر . بۇگۈنگە قەدەر بۇ تېما مۇھاكىمە قىلىنغىنى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگىنى يوق . يالغۇز بۇ تېمىلا ئەمەس ، ھەرقايسى دەۋردىكى ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ باشقا مۇھىم تەرەپلىرىمۇ مۇھاكىمە قىلىنمىدى . يەكۈنلەشكە تېگىشلىك ئاجايىپ قىممەتلىك تەجرىبە ساۋاقلار يەكۈنلەنمىدى .

بىزدىكى بۇ ئاجىزلىق ۋە يېتەرسىزلىك سەۋەبىدىن ھازىرغا قەدەر ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا بولسۇن ، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ سىستېمىلاشقان ئىنقىلابىي نەزەرىيەسىنى تۈزۈپ چىقالمىدۇق . مىللىتىمىزگە يېتەكچى ئىدىيە ۋە توغرا يۆنىلىش بەلگىلەپ بېرەلمىدۇق . بۇ ئاجىزلىقلىرىمىز بەزىدە خەلقىمىزنى بىھۇدە قان تۆكۈشكە ، ئارتۇق بەدەل تۆلەشكە ئېلىپ بارماقتا . مەيلى ۋەتەن ئىچىدە ياكى ۋەتەن سىرتىدا بولسۇن ، تەشكىلاتلىرىمىز ، جەمئىيەتلىرىمىز ئۆز ئالدىغا ئىستىخىيلىك ھەرىكەت قىلماقتا . يۆنىلىش بەلگىلىمەكتە . نەتىجىدە بەزى ھەرىكەتلەر ۋەتەنىمىز ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە ، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزغا زىيانلىق تەسىر كۆرسەتمەكتە . بىز ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ئىنقىلابىي كۈرىشىمىزنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز ، بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز ۋە بۇ ئاساستا پۈتكۈل تەشكىلاتلىرىمىز ، جەمئىيەتلىرىمىز بىرلىكتە مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز زۆرۈر . بىز بەك كۆپ كۈچىمىزنى ، ۋاقتىمىزنى بوش ئۆتكۈزىۋەتتۇق . نۇرغۇنلىغان پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدۇق . ئەمدى ۋاقىتنى چىڭ تۇتىشىمىز لازىم . كاللىمىزنى ئوبدان سىلكىۋېتىشىمىز كېرەك . بىز تېخى ھەرقايسى تارىخىي دەۋردىكى

ئىنقىلابلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىگە ، خاتالىقلىرىغا باھا بەرگىنىمىز ، يەكۈن چىقارغىنىمىز يوق . بۇ ئىشلارنى باشقا مىللەتلەر ئاللىقاچان پۈتتۈرۈپ بولدى .

ئەلۋەتتە ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۈرەشلىرىنىڭ پۈتكۈل جەريانلىرىغا توغرا ، ئەتراپلىق باھا بېرىش ھازىرچە بالدۇرلۇق قىلىشى مومكىن. ئەمما يەكۈنلەشكە تېگىشلىك قىممەتلىك تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلىشىمىز ، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان قىسىملىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرىشىمىز لازىم . مۇنداق قىلىش ، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەشلەرنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشىنى بەلگىلىشىمىزدە ، بىزنى ئەھمىيەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ . مېنىڭچە ، ھازىر مۇھاكىمە قىلىش ، مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈر بولغان تېمىلار ئىچىدە مۇھىم بىر تېما : ئىنقىلابتىكى ياشلارنىڭ رولى ۋە ئورنى بولۇشى كېرەك . چۈنكى مۇنداق قىلىشىمىز ، ھېچ بولمىسا مۇندىن كېيىنكى كۈرەشلىرىمىزنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنىنىڭ كۈچىيىشىنى ، كېڭىيىشىنى كەپالەتكە ئىگە قىلىدۇ . دۇنيا تارىخىدىن قارىساقمۇ كۆپلىگەن دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ كۈرەشلىرىدە ياشلار ھەرىكىتى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ روللارنى ئوينىغان ئىدى . مەسىلەن : 1989 ـ يىلدىكى خىتاي ئوقۇغۇچى ياشلار ھەرىكىتى دۇنيا كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ يىمىرىلىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى . خىتايدا مەزكۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتى پارتلىغان ئۇ زامانلاردا تېخى شەرقىي ياۋروپادا دېموكراتىيە ھەرىكىتى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئىدى . خىتاي ياشلىرىنىڭ ھەرىكىتى دۇنيا بويىچە تەسىر قوزغاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ دېموكراتىك



ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىغا بىۋاستە تەسىر قىلىپ ، دۇنيا كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ يوقۇلىشىدەك تارىخىي دەۋرنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ياراتتى . تارىخنىڭ بىرئاز ئالدىغا كۆز يۈگۈرتسەك دەل يەتمىش يىل ئىلگىرىكى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ، 1919 ـ يىلى خىتاي ئوقۇغۇچى ياشلار ھەرىكىتى پارتلاپ ، 1989 ـ يىلدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ تامامەن ئەكسىچە جۇڭگوغا ماركسىزم ، لېنىنىزم ئىدىيەسىنى ئەكىلىپ ، خىتاي كوممۇنىستىك ئىدىيەنىڭ ۋە ئىدېئولوگىيەنىڭ تارقىلىشىدەك سەلبىي تارىخى دەۋرنى ياراتقان ئىدى .

1453 ـ يىلى ئوسمانلى ئىمپىراتورلىقىنىڭ پادىشاھلىرىدىن پاتىھ سۇلتان مۇھەممەد كۈچلۈك دۈشمەنگە جەڭ ئېلان قىلىپ يۈكسەك قوماندانلىق قابىلىيتى ، ھەربىي تاكتىكىسى بىلەن ئىستانبۇلنى ئالغان ۋاقتىدا 17 ياش ئىدى . بۇنداق مىساللارنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەردىن ئېلىش مۇمكىن .

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا نەزەر سالساق ، پۈتكۈل ئىنقىلابنى « ياشلار ئىنقىلابى » دەپ قاراشمۇ مۇمكىن . پۈتكۈل ئىنقىلابنىڭ ھەرقايسى باسقۇچىدا ياشلار مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە جەڭگىۋار سەپنى شەكىللەندۈرگەن .

يېقىنقى زامان تارىخىمىزغا نەزەر سالساق ، 1920 ـ يىللاردا پارتلىغان تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جەڭگىۋار سېپىنى ياشلار شەكىللەندۈرگەن . بۇ ئىنقىلابنىڭ يېتەكچىسى تۆمۈر خەلپە 30 ياش ئەتراپىدىكى قوماندان ئىدى .

30 ـ يىللاردىكى خوجىنىياز ھاجى ئىنقىلابى ۋە 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قاتارلىقلارغا قارىساق ، بۇ كۈرەشلەرنى قوزغىغۇچىلار ۋە قاتناشقۇچىلار ، جۈملىدىن جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ، مىنىستىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى 30 ياش بىلەن 40 ياش ئارىسىدىكى ياشلاردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇ دەۋردىكى ئىنقىلاب داھىيلىرىدىن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا خوتەن ئىنقىلابىنى قوزغاپ خوتەن ئەمىرى دەپ نام ئالغان چاغدا 32 ياشتا بولۇپ ، خوتەن ئىنقىلابىنىڭ باشقا قوماندانلىرىدىن شاھ مەنسۇر ـــ ئابدۇللاھ بۇلسا تېخى 30 ياشقا يەتمىگەن قەھرىمانلار ئىدى . قۇمۇل ئىنقىلابى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىدىن رەئىس جۇمھۇرى خوجىنىياز ھاجى ، باش مىنىستىر سابىت داموللام ، باش قوماندان مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى 30 ، 40 ياشلار ئارىسىدا تالانتلىق قوماندان ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى . بىز يەنە 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە قارايدىغان بولساق مىللىي ئازاتلىق ئۇرۇشىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سېپىنىڭ ياشلاردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرىمىز .

بۇ جۇمھۇرىيىتىمىز مىڭلىغان جەڭگىۋار ياش ئوغۇل ـ قىزلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن قۇرۇلغان ئىدى . جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەھمەدجان قاسىمى 33 ياش ، ئىسھاق بەگ 40 ياشلار دىلا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئىنقىلاب تارىخىمىزنىڭ مۇھىم دەۋرىنى ياراتتى . ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى



ئېلىپ بارغان رەھبەرلىرىمىز ئەيسا ئەپەندىممۇ بۇ كۈرەشكە 20 نەچچە ياش ۋاقتىدىلا ئاتلانغان ئىدى . 30 ـ ۋە 40 ـ يىللارنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرلىرىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەر تولىمۇ ياش بولۇپ ، ئۆز زامانلىرىدا ۋەتەن خەلقىنىڭ قەلبىدە ئەبەدىي ئابىدە بولۇپ تىكلەنگەن ئىدى . بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى ، ئىنقىلاپچىلىرىمىزنىڭ ، رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئىنقىلابتا قانداق رول ئوينىغانلىقى ، قايسى يۆنىلىش بويىچە خىزمەت قىلغانلىقى ئايرىم تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە . مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ، ئۇلارنىڭ ياش دەۋردىلا ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك سېپىدە رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشتۇر .

دۇنيادىكى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك سىياسىي سودىلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ ، 1949 ـ يىلى ۋەتىنىمىز خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغاندىن بۇيان ۋەتەن خەلقى ئۆزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ كەلدى . كۈرەش شەكلى ، خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بۇ كۈرەشلەرنىڭ ئاساسلىق ھالقىسى ياشلار قوشۇنىدىن ئىبارەت بولدى . بۇ كۈرەش جەريانلىرىنى ئەسلەپ ئۆتسەك ، 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پارتلىغان ئاراتۈرك قوزغىلىڭى ۋە قابىلبەك باشچىلىقىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭلار ، 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا باشلانغان ئوسمان باتۇر باشچىلىقىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭ ، 1954 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خوتەن قاراقاش ، لوپتا پارتلىغان ئابدۇلھەمىد داموللام ، پەتھىددىن مەخسۇم قوزغىلىڭى ، 1956 ـ يىلى قاراقاشتا پارتلىغان باقى داموللام ۋە سەمەد داموللام قوزغىلىڭى ، 1956 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پارتلىغان ئابدۇلقادىر باشچىلىغىدىكى لوپ قوراللىق كۆرىشى ،

1958 - يىلى 10 - ئايدا كەنجى قۇربان سىيىت يېتەكچىلىكىدىكى قۇمۇل قوزغىلىڭى ، 1958 - يىلى 10 - ئايدىكى شىخو قوزغىلىڭى ، 1957 - يىلدىكى 51 چىلەر كۆرشى ، 1967 - 1969 - يىللىرىدىكى ئىمىنوۋ باشچىلىقىدىكى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ كۆرەشلىرى ، 1962 - يىلى قەشقەردە پارتلىغان ئاخۇنوپ ، مىجىت سىلىڭ قوزغىلاڭلىرى ، 1981 - يىلى 12 - يانۋار قاغىلىق ۋەقەسى ، 1981 - يىلى 5 - ئايدا پارتلىغان پەيزاۋات ئىنقىلابى ، تەڭرىتاغ پارتىيىسى ۋە ئۇيغۇرستان ياش ئۇچقۇنلار پارتىيىسىنىڭ كۆرەشلىرى ، 1985 - يىلى 12 - دېكابىر ۋە 1988 - يىلى 15 - ئىيۇندا پارتلىغان ئوقۇغۇچى ياشلارنىڭ دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتى ، 1989 - يىلى ئۈرۈمچىدە پارتلىغان 18 - 19 ماي ۋەقەسى ، 1990- يىلى 1 - ئايدىكى قۇرغاس ۋەقەسى ، 1990 - يىلى 4 - ئايدا پارتلىغان بارىن دېھقانلار قوزغىلىڭى ، 1995 - يىلى 7 - ئايدىكى خوتەن ۋەقەسى ، 1995 - يىلى 8 - ئايدا غۇلجىدىكى ياشلارنىڭ قوزغىلىشى ، 1997 - يىلى غولجىدا يۈزبەرگەن 5 - فېۋرال ۋەقەسى ۋە ھازىر ۋەتەندە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوراللىق ھەم سىياسىي كۆرەشلەر قاتارلىق يۈزلىگەن ئىنقىلابلارنىڭ ھەممىسىدە ياشلار ئاجايىپ قەھرىمانلىق روھىنى نامايان قىلدى ۋە نامايان قىلماقتا .

بۇ كۆرەشلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا ياش ئىنقىلابچىلار يېتەكچىلىك قىلدى . شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، بۇ ئىنقىلابلاردىكى بۇيۇكلىرىمىزنىڭ ، پىشقەدەم ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ رولى ، كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىلىرى ئۇنتۇلماس ھەقىقەتتۇر .

ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتوم رايونى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ



سابىق رەئىسى بادەينىڭ سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - سانلىق يىغىنىدا سۆزلىگەن ۋە 1990 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەتئىي مەخپىي دەپ تارقاتقان ھۆججىتىدە شۇنداق دېيىلگەن : جەنۇبىي شىنجاڭدا 1987 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ئۇيغىنىش ، خەنسولارغا قارشى تۇرۇش قا قۇترىتىدىغان ، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى تەرغىب قىلىدىغان ئەكسىيەتچى شۇئارلاردىن 178 قېتىم 596 پارچە چاپلاندى . 1986 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەكسىيەتچىل شۇئارلار ، ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ۋارىقى تارقاتقان 72 كىشى ئىچىدە 70 ياشتىن تۆۋەنلىرى 57 كىشى بولۇپ 79.2% نى تەشكىل قىلغان . بۇلارنىڭ ئىچىدە 15 ياشتىن تۆۋەنلىرى 16 نەپەر ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 55 نەپەر ، تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى سەۋىيەدىكىلەر 39 نەپەر .

خىتاي ئەمەلدارىنىڭ بۇ سانلىق مەلۇماتلىرى مىللىي ئازاتلىق كۆرىشىمىزنىڭ يالغۇز ياشلار ئارىسىدىلا ئەمەس ، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىمۇ كۈچلۈك يىلتىز تارتقانلىقى ، مىللىي ئازاتلىق سېپىمىزنىڭ كۈنسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ .

دېمەك ، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ياشلار ئاساسلىق كۈچ بولۇپ ، ھەل قىلغۇچ رول ئويناشتەك تارىخىي ئىزچىللىقنى ساقلاپ كەلمەكتە . بۈگۈنكى كۈندە بۇ ھال تېخىمۇ روشەنلەشمەكتە . 90 - يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ يىمىرىلىشى ، شەرقىي ياۋروپا مەملىكەتلىرىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى ، سابىق سوۋېت ئىمپېرالىزمىنىڭ پارچىلىنىشى ، دۇنيا خەرىتىسىنىڭ قايتىدىن سىزىلىشىدەك زور سىياسىي

ئۆزگىرىشلەر خەلقىمىزدە، بولۇپمۇ ياشلاردا چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى. مىللەتتە كۈچلۈك ئويغىنىش بارلىققا كەلدى. ياشلىرىمىزنىڭ دىنىي، مىللىي ئەخلاقى كۈچلەنمەكتە. ئىجتىمائىي ئاڭ يۈكسەلمەكتە. سىياسىي سەزگۈرلىكى ئېشىپ بارماقتا. مەملىكەتتە ئومۇم يۈزلۈك بىر ئىنقىلاب ۋەزىيىتى شەكىللەنمەكتە. تارىخىي رىئاللىق ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىمىز شۇنى ئىسپاتلىماقتا. بۇندىن كېيىنكى ئازادلىق كۈرىشىمىزنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشىنى بەلگىلەش، بۇ كۈرەشكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ياشلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپەدۇر. مىللىيتىمىز، خەلقىمىز ۋە رىئاللىق ياشلاردىن شۇنى تەلەپ قىلماقتا. مۇنداق مۇھىم زور ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىۋاتقان ياشلارغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش، ئىنقىلابتىكى رولى ۋە ئورنىغا ئادىل، توغرا باھا بېرىش، ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش لازىم. مەنچە، نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ياشلارغا ئىشىنىش، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشىنىشتۇر. ئۇلارنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس كۈچ ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. ھەرقايسى تەشكىلات، جەمئىيەتلەر تەركىۋىدىكى ياشلار قوشۇنىنى تەربىيىلەشتە، يېتىشتۈرۈشكە، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىش. بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بىر خاتا خاھىش ھۆكۈم سۈرمەكتە. ياشلارنىڭ ئىنقىلابتىكى ئاۋانگارتلىق رولى ئەمەلىيەتتە كۆرۈنىپ تۇرسىمۇ ئۇلارغا ئەھمىيەت بەرمەيمىز. ئۇلارغا ئىشەنچىسىز قارايمىز. ئاكتىپچانلىق بىلەن قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشنى خاھلىمايمىز ياكى سەل قارايمىز. مەنچە، بىر مىللەتنىڭ ياشلىرىغا ئىشەنمەسلىك، شۇ مىللەتكە ۋە شۇ مىللەتنىڭ كېلەچىكىگە ئىشەنمەسلىكتۇر. ئۇيغۇر ياشلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ئىقتىدارلىقتۇر. بۇ ئۇزۇن



يىللىق مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىزنىڭ يەكۈنىدۇر.

تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى كۈندىكى پېشقەدەم ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ، داھىيلىرىمىزنىڭ، چوڭلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك مول تەجرىبە ساۋاقلىرى بار. ياشلار بۇلارنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز لازىم. چوڭلىرىمىز بولسا، ئۆز ئىنقىلاب تەجرىبىلىرى بىلەن ياشلارنى يېتىشتۈرۈشكە دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغاپ، ياشلارنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى، تۈرتكە بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا تېخىمۇ كۆپ پىداكار ياش ئىنقىلابچىلار مەيدانغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە كۈچلەندۈرىدۇ. پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ئىنقىلاب تارىخىنى يازىدۇ. ئابىدەلىرىنى تىكلەيدۇ. بۇ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى، راۋاجلىنىشى ۋە غەلىبە قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتىدۇر.

1995- يىلى 11- ئاي، ئالمائاتا

## ئۈچ ئەپەندى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىدىكى تەسىرى

20ـ ئەسىر ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئەسىر بولدى . شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ بىر ئەسىر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي دەۋردە ياشىدى . مۇستەقىللىقىنى يوقاتتى . نۇرغۇن قېتىم قوزغالدى . قانچىلىغان ئىچكى ۋە تاشقى ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردى . ئىككى قېتىم مۇستەقىللىق جاكارلىدى . تەكرار يوقاتتى . نۇرغۇنلىغان سىياسىي كۈرەشلەرگە قاتناشتى . مىليونلارچە قىز ـ يىگىتلىرىمىز شەھىد بولدى . دەريا ـ دەريا قانلار ئاقتى . مىڭلارچە قەھرىمان ـ پالۋانلار ، يۈزلەرچە قوماندانلار ، گېنىراللار ، كۆپلىگەن سىياسىيون ۋە دۆلەت ئەربابلىرى يېتىشىپ چىقتى .

سادىر پالۋان ، ئۇزۇگۇم ، ئوسمان باتۇر ، غېنى باتۇرغا ئوخشاش قەھرىمان باتۇرلار ، تۇمۇر خەلپە ، خوجىنىياز ھاجىم ، ئىلىخان تۆرەم ۋە مۇھەممەد ئەمىن بۇغراغا ئوخشاش ئىنقىلاب داھىيلىرى ۋە قوماندانلار ، گېنىرال مەھمود مۇھىتى ، ئىسھاق بېگ ، دەلىلقانغا ئوخشاش گېنىراللار ، سابىت داموللا م ، مەسئود سابىرى ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ، ئەيسا بېك ، ئەھمەدجان قاسىمغا ئوخشاش سىياسەتچى ، دۆلەت ئەربابلىرى ، ئابدۇلئەزىز مەخسۇمغا ئوخشاش مەشھۇر جامائەت ئەربابى ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرگە ئوخشاش شائىرلار ، تۇرغۇن ئالماس ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە ئوخشاش تارىخچى ، يازغۇچىلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 20 ـ ئەسىردە ياراتقان



ئەسەرلىرىدۇر .

بۇلار سپارتاكتەك قەھرىمان ، ناپالىيوندەك قوماندان ، بۇگۇنكى كۈندىكى كېلىنتوندەك ، مىستراندەك سىياسەتچى كىشىلىرىمىز بولۇپ ، دۇنيا تارىخىدا يوقىرىقى ئىسىملار بىلەن بىر بەتتە ، بىرقۇردا ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ ئىنسانلار ئىدى .

بىز دېمەكچى بولغان ئۈچ ئەپەندى ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 20 ـ ئەسىردە يېتىشتۈرگەن ئىنقىلاب داھىيلىرى ، دۆلەت ئادەملىرى ، يېتىشكەن سىياسەتچى ۋە مەشھۇر ئىنقىلاب لىدەرلىرىدۇر .

بۇلار يالغۇز شەرقىي تۈركىستاندىلا ئەمەس ، دۇنيادا ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرقتە ئالاھىدە تونۇلغان كۈچلۈك سىياسىي تەسىرگە ئىگە زاتلاردۇر . بۇ ئۈچ ئەپەندى ، مەسئود سابىرى بايقۇزى ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ، ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىنلەردۇر . ئەينى زاماندا بۇلار ئۈچ ئەپەندى ۋە بۇلار بىلەن بىر سەپتە كۈرەش قىلغان سەپداشلىرى قۇربان قۇداي ، چىنگىزخان داموللام ، ئابدۇساتتار بولبۇلى ، پولات قادىرى ، ھاجى ياقۇپ ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، خېۋىر تۇمۇر قاتارلىق يۈزلەرچە كىشى ئۈچ ئەپەندىچىلەر دەپ ئاتالغان ئىدى . ئۈچ ئەپەندىنىڭ 30 ـ يىللاردىكى كۈرەش شەكلى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئىدى . ئۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلىچىكى ئۈچۈن ھەرخىل ئۇسۇللارنى ئىزدىدى ۋە ئوخشاش بولمىغان يوللاردا ھەرىكەت قىلدى .

مەسئود سابىرى تۈركىيەدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ، شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولى ئالدى بىلەن

خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش » ، « روھىي دۇنياسىنى ئازات قىلىش » دەپ قارىدى ۋە بۇ يول بىلەن ھەرىكەت قىلدى . مەكتەپ ئاچتى ، ياشلارنى تەربىلەشكە باشلىدى . قىسقىسى ، مائارىپچىلىق بىلەن شوغۇللاندى .

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولى « قوراللىق كۈرەش » ، دەپ قاراپ ، بۇ يولنى تۇتتى ۋە قوراللىق ئىنقىلابقا تەييارلىق قىلىپ ، 1933 ـ يىلى خوتەندە قوراللىق ئىنقىلاب قوزغاپ ، خوتەننى ئازات قىلدى . 1933 ـ يىلدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىق رول ئوينىدى .

ئەيسا بەگ ، ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتنى تەھلىل قىلىپ ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىقىش يولى ، « سىياسىي كۈرەش » دەپ مۇنەييەنلەشتۈردى . غەربىي تۈركىستاندىكى دىپلوماتىك خىزمىتى جەريانىدا ، سىياسىي كۈرەشكە كىرىشتى ۋە كېيىن جۇڭگونىڭ پايتەختى نەنجىڭ ، چۇڭچىڭلاردا خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سىياسىي كۈرەشنى داۋام قىلدى . گېزىت ، ژورنال نەشىر قىلىپ ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئاڭلاتتى .

بۇ ئۈچ ئەپەندى ، 1940 ـ يىلى تىلدا ، پىكىردە ، ئىشتا بىردەك بولۇش شۇئارى ئاستىدا بىر ئارىغا كەلدى . بىر پۈتۈنلۈك شەكىللەندۈردى . بىر ـ بىرىنى تولۇقلىدى . ئوخشاش نىشان ، ئوخشاش پروگرامما ۋە ئوخشاش سىياسىي قاراش ئاساسىدا گومىنداڭ خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان سىياسىي كۈرەشنى بىرلىكتە ئېلىپ باردى . « ئۈچ ئەپەندى » دېگەن نام مۇشۇ دەۋرلەردە مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى .



1948 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا يېڭى بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلدى . ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە مەسئۇد سابىرى ، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ، باش كاتىپلىققا ئەيسا ئەپەندى تەيىنلەندى . بۇ خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇرنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشى ئىدى .

بۇ ئۈچ ئەپەندى ۋە بىر قىسىم ئۈچ ئەپەندىچىلەر ، 1946 ـ يىلى جۇڭگودىن شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، سىياسىي كۈرەشنى داۋام قىلىش بىلەن بىرگە ، مەدەنىي ئويغىتىش ۋە تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللاندى .

ئەيسا ئەپەندى ئۈرۈمچىدە ئالتاي نەشرىياتى ئىدارىسىنى قۇردى . مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا نەشرىياتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىدى . ئالتاي نەشرىياتى ، كۈندىلىك گېزىت بولغان ئەرك نى ۋە ئالتاي ژورنىلىنى نەشرى قىلدى . بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان كىتاپلارنىمۇ نەشرى قىلدى . مەسىلەن : پولات قادىرنىڭ ئۆلكە تارىخى ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ قەلەم كۈرشى ۋە شەرقىي تۈركىستان تارىخى ( بۇ كىتاپنىڭ يېرىمى بېسىلىپ چىققان ) قاتارلىق ئەسەرلەر ئالتاي نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان ئىدى . ئەيسا ئەپەندىمنىڭ ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن دېگەن كىتابىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى مەن ۋە مېنىڭ غايەلىرىم دېگەن ماۋزۇدا ئەرك گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئىدى . ئالتاي نەشرىياتى تىلدا بىرلىك ، پىكىردە بىرلىك ، ئىشتا بىرلىك ، دىنىمىز ئىسلام ، مىللىتىمىز تۈرك ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان دىن ئىبارەت بۇ شۇئارلار ئاستىدا خىزمەتلىرىنى

داۋام قىلدى . ئەينى زاماندا ئۈچ ئەپوندى ۋە ئۈچ ئەپەندىچىلەر ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مىللەتپەرۋەرلىك ۋە ئىسلامىي ئىدىيەلىرىنى ئالتاي ئەشرىياتى ئارقىلىق تارقاتقان ئىدى . ئەرك گېزىتى شەرقىي تۈركىستاندا ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مىللەتچىلىك روھىنى تىرىلدۈرۈش ۋە دىنىي ئويغىتىشتا زور رول ئوينىدى . خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى . ئۈرغۈنلىغان ئىنسانلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈردى . بولۇپمۇ بىر بۆلۈك مىللەتچى زىيالىلار قوشۇننى بارلىققا كەلتۈردى .

ئۈچ ئەپەندىنىڭ سىياسىي ، ئىدىيۋىي قاراشلىرى ۋە مەدەنىي پائالىيەتلىرى كېيىنكى زامانلاردىكى يەنى 80 ـ يىللاردا ئوتتۇرىغاچىقىشقا باشلىغان شەرقىي تۈركىستان دېمۇكراتىك ياشلار ھەرىكىتىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى .

1985 ـ يىلى 12 ـ دېكابىر كۈنى ئۈرۈمچىدە باشلانغان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى شەرقىي تۈركىستان دېمۇكراتىك ياشلار ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش نوقتىسى بولدى . 1988 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇل كۈنى ئوتتۇرىغاچىققان 2 ـ قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى بولسا ، شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتىنىڭ راۋاجىدۇر . بۇ ئىككى قېتىملىق ياشلار ھەرىكىتى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىدا يېڭى بىر دېمۇكراتىك كۈرەش سەھىپىسىنى ئاچتى . گەرچە بۇ 2 قېتىملىق ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى ھېچقانداق بىر تەشكىلات ياكى كۈچ بىلەن ئالاقىسى يوق بولسىمۇ ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى ۋەتەن سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە ئەيسا گۇرۇھى بىلەن ئالاقىلىق دەپ قاراپ ، ئەيسا گۇرۇھىنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى بۆلگۈنچى ، مىللەتچى ،



ئەكسىيەتچى ئىدىيەلىرىنى تازىلاش مەقسىتىدە ، نەشرىيات ، تەشۋىقاتلاردا مەسئود ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ، ئەيسا قاتارلىق ئىسىملارنى ئوتتۇرىغاچىقىرىشقا باشلىدى . 30 يىلدىن بۇيان ھېچ تىلغا ئېلىنمىغان ، تىلغا ئېلىش چەكلەنگەن ، بۇ سەۋەپتىن ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ، كۆپلىگەن ياشلار ھېچ بىلمىگەن ياكى ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان ئۈچ ئەپەندى قايتىدىن جەمئىيەتكە ، ياشلارغا ئاڭلىنىشقا باشلىدى .

مەسئۇد ، مۇھەممەد ئەمىن ، ئەيسا كىم ؟ ياشلار بۇ سوئاللارھەققىدە ئويلىنىشقا ، ئىزدىنىشكە ۋە بىلگەنلىرىدىن ، پىشقەدەملەردىن ئۆگىنىشكە باشلىدى .

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەتۈر تەشۋىقاتلىرى خەلقنى ، جەمئىيەتنى ئالدىيالمىدى . ئەكسىچە ، خەلقنىڭ پايدىسىغا بولدى . خەلق بولۇپمۇ ياشلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 20 ـ ئەسىردە يېتىشتۈرگەن بۇ مەشھۇر لىدەرلىرىنى ئۆگىنىپ ، چوڭقۇر ئىپتىخارلاندى . ھاياجانلاندى . مۇھىمى ئۈمىدى ۋە كۈچى تېخىمۇ زورايدى . جاسارەتلەندى .

1982 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرستېتى ( شىنجاڭ داشۆ ) تارىخ فاكولتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىرقانچە كىچە ـ كۈندۈز جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ، مەخپى ھالدا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ شەرقىي تۈركىستان تارىخى نى كۆچۈرۈپ ، 200 نۇسخا بېسىپ چىقتى ۋە تارقاتتى . بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھۆكۈمەت دەرھال ئادەم ئۇيۇشتۇرۇپ ، تارقالغان كىتاپلارنىڭ بىر قىسمىنى يىغىۋالغان بولسىمۇ ، كۆپ قىسمى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر تەرىپىگە تارقىلىپ كەتتى ۋە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ، كىشىلەر تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلدى . شەرقىي

تۆركستان ياشلىرى هاياتىدا تۇنجى قېتىم ، ۋەتىنىنىڭ ھەقىقى تارىخىنى بىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى . مىڭ يىللاردىن بۇيان قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ ، دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ مىللەتنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرى ، كىشلەرنى ئېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالدى .

1991 - يىلى بىر يىلدىن ئارتۇق ، تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئۇيغۇرلار ، ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدبىياتى قاتارلىق 3 كىتابى تەنقىد قىلىندى . بۇ كۆرۈنۈشتە 3 كىتاپنى تەنقىد قىلىش بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ شەرقىي تۈركىستان تارىخى نى تەنقىد قىلىش ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ، ئەيسا ئەپەندى ، مەسئۇد ئەپەندىلەرنى تەنقىد قىلىش ، ئۇلارنىڭ پانتۈركىزم ، پان ئىسلامىزم ۋە بۆلگۈنچى ئىدىيەلىرىنى تەنقىد قىلىش بولدى . بۇ ھەقتە 100 دىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلىندى . كىتاپلار نەشىر قىلىندى . خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ، ئويغانغان خەلقىمىزدە ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلدى . خىتايلار كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتەلمىدى . ئەكسىچە ، خەلقىمىزنى تارىخي ھەقىقەتلەر ، يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى . مۇستەقىللىق ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرىنىڭ كۈچلىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى . بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەردىكى تەسىرى ئالاھىدە بولدى .

كەينى - كەيىندىن يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق توقۇنۇشلار ھەرىكىتىدىن كېيىن ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خاقانى ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭ داشۆ بىر قارا ئۇۋا دېگەن بولسا ، كوممۇنىستىك پارتىسىنىڭ باش سېكرېتارى سۇڭ خەنلياڭ



ئۇرۇمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدە بەرگەن بىر قېتىملىق دوكلاتىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ كۆپى نېمە ئۈچۈن شىنجاڭ داشۆسىدىن چىقىدۇ ؟ بۇنىڭ مۇھىم سەۋەپلىرىنىڭ بىرى گومىنداڭ دەۋرىدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا شىنجاڭ داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ، ئۇنىڭ شۇ چاغدا چاچقان ئۇرۇغى بۈگۈن بىخلىماقتا ! بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك دېگەن ئىدى .

دېمەككى ، مەسئود ئەپەندى ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەپەندى ۋە ئەيسا ئەپەندى قاتارلىق ئۈچ ئەپەندىنىڭ مەيلى ئەينى چاغدىكى سىياسىي ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرىنىڭ بىۋاستە تەسىرىدىن بولسۇن ، مەيلى كېيىنكى زامانلاردا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتمەك ئۈچۈن ، ئۈچ ئەپەندى ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش سەۋەبى بىلەن پەيدا قىلغان تەسىرلىرىدىن بولسۇن ، شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ كۈچلىنىشىدە ئاكتىپ ۋە تەسىرلىك رول ئوينىدى ھەم ھېلىمۇ ئوينىماقتا .

1995 - يىلى 6 - ئاي ، ئىستابۇل

1995 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ۋاپاتىنىڭ 30 - يىللىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان ناملىق مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنۇلغان )

# بىرلىشىشنى تېزلىتىپ ، تەشكىلى قۇرۇلمىمىزنى كۈچەيتەيلى !

قىممەتلىك دۆلەت رەھبەرلىرى ، بۈيۈكلەر ، ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى ، ئىززىز ۋەتەنداشلار ، دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىن كەلگەن ياشلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە سۆيۈملۈك دوستلىرىم ! تۇنجى نۆۋەتلىك « خەلقئارا ئۇيغۇر ياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى » گە خوش كەلدىڭلار ! ھەممىڭلارنى تەييارلىق كومىتېتى نامىدىن قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرمەن . شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يىغىنىمىزنى ئېچىشقا روخسەت قىلغان قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە رەھمەت ئېيتىمەن .

بىز بۈگۈن 13 مەملىكەتتىن كەلگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان تارىخىي بىر ئۇچرىشىشنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز .

بۇ ئۇچرىشىش ئەسلىدە بۇنىڭدىن 20 يىل ، 30 يىل ھەتتا 50 يىل بۇرۇن بولۇشى ، بىز بۈگۈن بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئوتتۇزۇنچىسى ، ئەللىگىنچىسىنى ئۆتكۈزۈشىمىز لازىم ئىدى . كۆپ كەچ قالدۇق . كۆپ كېچىكتۇق . ھېلىمۇ جانابى الله غا شۈكرىلەر بولسۇن . 2000 ـ يىلغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ، 1995 ـ يىلدا بۇنداق تارىخىي ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولىۋاتىمىز . بۇنىڭ ئۆزى غەلىبە ! بۇ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئويغانغانلىقىنىڭ ، سىياسىي ئېڭىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى . ھەقىقەتەنمۇ ۋەتەندە ياشلار ئىچىدە ئومومىيۈزلۈك ئويغىنىش مەيدانغا كەلدى . بۇ خىل ۋەزىيەت بۇندىن 20 يىل



ئىلگىرى مەۋجۇت بولسا ئىدى ، ۋەتىنىمىز ، مىللىتىمىز تەقدىرىدە باشقىچە ئۆزگىرىش بولغان بولاتتى . ئەمما قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىكى ئويغىنىش زور بولدى . ۋەتىنىمىز ھەممە جايلىرىدا بۇ خىل ھاياجانىنى كۆرەلەيمىز . بۇ ئويغىنىش ، بۇ ھاياجانىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرسى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ۋەھشىي زۇلۇم ۋە ئىسكەنجىدۇر . خىتايلار غالجىرلاشماقتا . خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئەقەللى كۈنلۈك نورمال ياشاش ھەققى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىماقتا . بۇ ھاكىمىيەتنىڭ چىرىگەنلىكىنىڭ ۋە ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر . تارىختا بەك كۆپ ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئاخىرلىششى شۇنداق بولغان .

90 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن يۈز بەرگەن دۇنيادىكى زور سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشى ، مىللىتىمىزگە زور ئۈمىد ۋە ھاياجان بېغىشلىدى . قۇتۇلۇش نۆۋىتىنىڭ تەدرىجىي شەرقىي تۈركىستانغا كېلىۋاتقانلىقىنى تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ھېس قىلىشتۇق .

مىليونلارچە ئوغۇل ـ قىزلىرىمىز ۋەتىنىمىز ، مىللىتىمىز تەقدىرى ئۈچۈن ئويلانماقتا . بۇ يولدا ئۆزىنى ۋە ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا ھازىردۇر . ئورغۇنلىغان ياشلار بىلەن ئۇچرىشىۋاتىمىز ، سۆزلىشىۋاتىمىز ۋە ئالاقە قىلىشىۋاتىمىز . ئۇلارنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، ئالىيجاناپ روھى كىشىنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرىدۇ . ئورغۇنلىغان ياشلار ۋەتەت سىرتىدىكى مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزگە قاتنىشىش ، تۆھپە قوشۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ، تۈركىيە ، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ھەرخىل يوللار بىلەن قېچىپ چىقماقتا . ئەمما ئورغۇنلىغان ياشلار كېلىپلا ئۈمۈتسىزلىك ئىچىگە

چۆكمەكتە . چۈنكى ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلاتلىرىمىز ، جەمئىيەتلىرىمىز ئۇلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئىگە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا ، كۈرەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلماقتا .

شۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى ياخشى بىلىشىمىز كېرەككى ، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىز ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۈرەشلەر بىلەن بىر پۈتۈندۇر . ئىچكى ـ تاشقى كۈرەشلەر بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ . ئەمما بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ ئاساسلىق كەمچىلىكلىرىمىزنىڭ بىرسى ئىچكى ـ تاشقى كۈچلەرنىڭ ياخشى ھەمكارلىشالماسلىقىدور . ۋەتەن خەلقىنىڭ كۈرەش ئەھۋالى ، سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتلەردىن سىرتتىكىلەرنىڭ ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى ئاستىدا ، ماسلىشىشى يېتەرلىك ئەمەس . بۇ مەسىلىدە ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلاتلار ، جەمئىيەتلەر رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى ، ۋەتەن بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشى لازىم .

شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى ۋەتەن خەلقى ئازاتلىق كۈرىشىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى . بۇ كۈرەش بۈگۈنكى كۈنىمىزدە تېخىمۇ كۈچلىنىپ ، كەسكىنلەشمەكتە . ۋەتەندە ئوموميۈزلۈك بىر ئىنقىلاب دولقۇنى بارلىققا كەلمەكتە . مىللەت تەييارلىق ئىچىدەدۇر . ئەمما ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ تەييارلىقلىرى يېتەرلىك ئەمەس . ۋەتەن خەلقى كۆپ كۈرەش قىلدى . ئەمما كۈرەشلەرنىڭ كۆپلىرىدە غەلىبىدىن بەدىلىمىز كۆپ بولۇپ كەتتى . بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەپ : تەشكىلاتلىرىمىزدا مىللەتنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە ھەقىقى ئويغۇن بولغان ، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ ھەرتەرەپلىرىنى ، ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرگەن ئىنقىلاب



پروگراممىسىنىڭ يوقلۇقىدىن بولدى . ۋەتەن خەلقى ، بولۇپمۇ ياشلار ھاياتىنى ، بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا تەييار . ئۇلارنىڭ پەقەت مۇھتاج بولىۋاتقىنى ، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ يۆنىلىشىنى ئەتراپلىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان ، كۈچلۈك سىياسىي پروگراممىغا ئىگە بىر تەشكىلاتتۇر .

دۇنيادا ئىستىقلالىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇرغۇنلىغان ئەسىر مىللەتلەر ، ئازاتلىق كۈرىشىنى ئېلىپ بېرىشتا خەلقى نادان ، ئوموميۈزلۈك ئويغىنىش ھالىتى شەكىللەنمىگەن ھالەتتە تەشكىلاتلىرى خەلقنى زورلاپ ، تەھدىت بىلەن كۈرەش سېپىگە كىرگۈزۈۋاتىدۇ ۋە دۇنيادا زور تەسىرلەر قوزغاۋاتىدۇ . بىزدە بولسا ، ئەھۋال تامامەن ئەكسىچە ، مىللىتىمىز ئىنقىلاب ھازىرلىقىدا ، تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئىنقىلابقا ئۇيۇشتۇرۇش ، رەھبەرلىك قىلىش كۈچى ئاجىز بولماقتا . باشقا ئەسىر مىللەتلەرنىڭ تەشكىلاتلىرى خەلققە ئىنقىلاب قىلىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . ئويغىنىشقا زور كۈچ سەرىپ قىلىۋاتىدۇ . بىزدە بولسا خەلقىمىز تەشكىلاتلىرىمىزنى ئىنقىلابقا ۋە ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىشقا چاقىرىۋاتىدۇ . تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيىتى ، خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتىدۇ . بىز خەلقىمىزنىڭ بۈخىل ئالىي جاناپ روھىنى قەدىرلىشىمىز ، ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىشىمىز ، ئۇلارنى ئۈمىتسىزلىك ئىچىگە تاشلاپ قويماسلىقىمىز لازىم . مەنچە ، ھازىرقى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى پۈتكۈل تەشكىلاتلار تىزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ، بىرلىكتە ئازاتلىق كۈرىشىمىزنىڭ سىستېمىلاشقان ، توغرا سىياسىي پروگراممىسنى تۈزۈپ چىقىشتۇر . 1992 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ۋەتەن سىرتىدىكى پۈتكۈل تەشكىلاتلار ، ئىنقىلاپچىلار بىرلىككە كېلىپ ، « شەرقىي تۈركىستان

مىللىي قۇرۇلتىيى نى ئاچقان ئىدى . بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشى تارىخىي ئەھمىيەتلىك ۋەقە بولۇپ ، ۋەتەندە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانىدى . مىللەت ئاجايىپ زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئىدى . ئەپسۇسكى ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇرۇلتاي خەلقىمىزنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمىدى . بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوبدان تەتقىق قىلىشىمىز لازىم . بولۇپمۇ بىز ياشلار يوقىرىقى مەسىلىلەردە ئوبدان ئويلىنىشىمىز لازىم . ناھايىتى قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلار بار ، بۇلارنى ئۆگىنىشىمىز ۋە يەكۈنلىشىمىز لازىم .

ئىنقىلابنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى جاپالىق ۋەزىپىسى ، بىز ياشلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەكتە . ئىنقىلابنىڭ راۋاجلىنىش - راۋاجلانماسلىقى ، غەلىبە قازىنىش - قازانماسلىقى بۈگۈنكى ياشلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق بولۇپ قالدى . پىشقەدەم ئىنقىلابچىلىرىمىز ، لىدەرلىرىمىز مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ ئوتتۇنى ئۆچۈرمەي بۈگۈنگە قەدەر ياندۇرۇپ ، ئولغايتىپ كەلدى . ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك تارىخىي ۋەزىپىنى ئادا قىلدى . بۇ يولدا كۆپ قۇربان بەردى . ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي تارىخى بۈگۈنكى كۈندە يېڭى بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنى تەربىيەلەپ چىقتى . بىز ياشلارنى بۈگۈنكى تارىخىي ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر قىلغان ھەل قىلغۇچ ئامىللار پىشقەدەم ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ تەجرىبىدۇر . ئۇلارنىڭ ئىزىنى داۋاملاشتۇرۇش ، بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش بىزنىڭ ۋەزىپىمىزدۇر .

بىز ياشلار بۈگۈن ۋەتەن ، مىللەتنىڭ تەقدىرى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا كېلىپ قالغان ، تارىخىي بىر دەۋردە توپلىنىۋاتىمىز . بۇ پەقەت بىر قېتىملىق ھاياجانلىق ئۇچرىشىش ئەمەس . بۇقېتىمقى ئۇيۇشۇش ، ئۇيغۇر



ياشلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ، مۇشەققەتلىك ، شەرەپلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن باسقان تۇنجى قەدىمىدۇر . بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىرباشلىنىش . بۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم . كۈرەشنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالغان ياشلار ئالدى بىلەن ئۆز - ئارا ئۇچرىشىشىمىز ، چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىمىز لازىم . شۇنداق قىلغاندىلا ئىدىيە ، پىكىر بىرلىكى شەكىللىنىدۇ . ئىدىيەنىڭ ، پىكىرنىڭ بىرلىككە كېلىشى كۈرىشىمىزنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشىنى بەلگىلىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم . شۇڭا بىز بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئوبدان تونۇپ يېتىشىمىز ، ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىشىمىز ، ھەر تەرەپلىمە ئەستايىدىل پىكىر ئالماشتۇرۇشىمىز ، بۇندىن كېيىنكى ھەرىكەت پىلانىمىزنى تۈزۈپ چىقىشىمىز ، قىسقىسى ، بىر نەتىجىگە ئېرىشىشىمىز لازىم . بۇ ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئورۇنلىشىمىز ئۈچۈن قاتتىق غەيرەت كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ . بۇ ئۆزنۆۋىتىدە لىدەرلىرىمىز ، پىشقەدەم ئىنقىلابچىلىرىمىز ۋە بار بولغان ھەرقايسى تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ ياشلارنى قەدىرلىشىگە ، بۇ پائالىيەتلىرىمىزنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە باغلىق .

مەن ئاخىرىدا تەييارلىق كومىتېتى نامىدىن تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى نىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىغا ماددى ۋە مەنىۋى ياردەمدە بولغان :

قازاقىستاندىكى دۆلەتلەر ئارا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى ،

ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى ،

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي مىللىي بىرلىك سېپى ،

تۇركىيەدىكى شەرقىي تركستان ۋەقپى ،

قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى ،

گېرمانىيەدىكى ياۋرۇپا شەرقىي تۇركىستانلىقلار بىرلىكى قاتارلىق تەشكىلاتلارغا ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىگە ، ۋەتەنپەرۋەر تىجارەتچىلەرگە ، شۇنىڭدەك بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنىڭ غەلىبىلىك ئەمەلىيلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان تەييارلىق كومىتېتىدىكى ياش دوستلىرىمغا چوڭقۇر رەھمەت ۋە ھۆرمەت بىلدۈرمەن .

1995ـ 10 ـ 28 ـ كۈنى ، ئالمۇئاتا

1995ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئالمۇتادا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈنجى نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى مەدەنيەت كۈنلىرى » نىڭ ئېچىلىش نۇتقى )



# شەرقىي تۇركىستاننىڭ تۈرك دۇنياسىدىكى ئورنى

سابىق سوۋېت ئىمپىريالىزمىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش تۈركى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ۋە ئەزەربەيجاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى دۇنيادا ، بولۇپمۇ مۇسۇلمان تۈركلىرى دۇنياسىدا بىر مۆجىزە بولدى. بۇنى پۈتكۈل تۈركى خەلقلەر ۋە پۈتۈن مۇستەملىكە خەلقلەر ئىپادىلىگۈسىز ھاياجان بىلەن قارشى ئالدى. ھېلىمۇ بۇنىڭ ھاياجىنىنى سۈرمەكتە!

ئەسىر تۈركى مىللەتلەر ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىدىن جاسارەتلەندى . ئۈمىدى تېخىمۇ زورايدى .

70 يىللىق جۇمھۇرىيەت تارىخىغا ئىگە بولغان ، مۇستەقىللىق قەدرى بىلەن ياشىغان تۈركلۈك ئىپتىخارى بىلەن كۆچەيگەن تۈركىيە تۈركى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھېچ تەييارلىقسىز كۈتۈۋالدى . بۇقېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلىشى بىلەن تەڭلا ئىران ، پاكىستاان ، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆز تەرىپىگە تارتىشقا ھەرىكەت قىلدى . روسلار قايتىدىن قول سالدى . تۈركىيە ئەسلى بىر ، دىنى بىر ، مەدەنىيتى ، داستانلىرى بىر بولغان بۇ قېرىنداشلىرىنى ماگىنىت كەبى تارتىۋالالمىدى ! تا ھازىرغىچە تامامەن تارتالماي كەلمەكتە . بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ مەسئۇلىيىتى كىمدە ؟

قېرىنداش يېڭى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى 70 يىللىق روس كوممۇنىزم زۇلمى

ئاستىدا ياشىدى . كوممۇنىستىك ئىدىيەنىڭ تەشۋىقاتى ئاستىدا چوڭ بولدى . بۇ ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىدى . مىللەتچىلىك ، مۇسۇلمانلىق ، مۇستەقىللىق ھەتتا ئىنسانلىق كۆرەشلىرى قانلىق باستۇرۇلدى . نۇرغۇن بەدەللەر تۆلەندى . مىللەتچىلىك ئورنىغا ماركىستىك مىللەت نەزەرىيىسىنى ، مۇسۇلمانلىق ئورنىغا دىنسىزلىق ، خۇداسىزلىق يەنى ئاتېئىزىملىق تەشۋىق قىلىندى . بۇلار زورلاپ تېڭىلدى . قىسقىسى ، روسلار ئۇلارنىڭ مىللىي ، دىنىي ، مەدەنىي كۆرەشلىرىنى قاتتىق باستۇرۇپ ، يوق قىلىشقا ، ئۆز - ئۆزىنى كىملىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا تىرىشتى . نەچچە مىڭ يىللىق مىللىي تارىخى ، مىللىي مەدەنىيىتىنى روس مەدەنىيىتىنىڭ قۇربانى قىلىشقا ھەرىكەت قىلدى . روس كوممۇنىزمىنىڭ ، ئېخىمۇ توغرىسى بىلەن ئېيتقاندا دۇنيا كوممۇنىزمىنىڭ ئەڭ زور غەلىبىسى ، قېرىنداش تۈركىي مىللەتلىرىنى پارچىلاش بولدى . ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، ئۆزبەك ، تۈركمەنلەرنى بىر - بىرىگە سېلىپ ، بىر - بىرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك زىددىيەت پەيدا قىلىپ ، ئۆز - ئارا قېرىنداشلىق رىشتىسىنى بۇزۇپ دۈشمەنلىك پەيدا قىلدى . روس مىللەتچىلىكىنىڭ رەزىل ئاسسىملاتسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە بۇ خەلقلەر ئۆزلىرىنى ، دىنىنى ، مەدەنىيىتىنى ، قىسقىسى ، ئۆزىنى يوق قىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان ئىدى . بۇ چاغدا دۇنيادا تۈركلەرگە سىمۋول بولۇپ تۇرغان دۆلەت يالغۇز تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئىدى . ئېزىلىۋاتقان ، مىللىي مەدەنىيىتى يوق قىلىنىشقا قاراپ كېتىۋاتقان ئەسىر قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر تۈركىيەدىن پەخىرلىنەتتى ۋە ئۈمىدلەر كۈتەتتى . ئەپسۇسكى ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مۇستاپا كامال ئاتا تۈركنىڭ ئۆتكىنى يەنى بۈگۈن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىزنىڭ قوشنىمىز ، دوستىمىز ۋە ئىتتىپاقدىشىمىز ، پەقەت ئەتە ئېمە بولۇشىنى ھازىردىن باشلاپ



ھېچكىم مۆلچەرلىيەلمەيدۇ . خۇددى ئوسمانلىدەك ، ئاۋستىرالىيە ۋە ۋېنگىرىيەلەردەك بۆلۈنۈپ ، ئۇششاق پارچىلارغا ئايرىلىپ كېتىشى مۇمكىن . بۈگۈن ئالقانلىرىدا چىڭ تۇتۇۋالغان مىللەتلەر قوللىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن . شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا يېڭى بىر كۈچ تەڭپۇڭلۇقى بارلىققا كېلىدۇ . مانا شۇ چاغدا تۈركىيە نېمە قىلىشىنى ياخشى چۈشىنىشى كېرەك . بۈگۈن بۇ دوستىمىزنىڭ قول ئاستىدا بىزنىڭ تىلىمىز بىر ، ئىمانىمىز بىر ۋە تېگى تەكتىمىز بىر بولغان قېرىنداشلىرىمىز بار . ئۇلارغا ئىگە بولۇشقا ھازىر تۇرۇشىمىز لازىم . ھازىر تۇرۇش دېگەنلىك جىم تۇرۇپ ، ئۇ كۈننىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس ، تەييار تۇرۇش كېرەك . مىللەت بۇنىڭغا قانداق قىلىپ ھازىرلىنىدۇ ؟

مەنىۋى كۆۋرۈكلىرىمىزنى ساغلام تۇتۇش بىلەن ھازىرلانماق كېرەك . تىل بولسا بىر كۆۋرۈك . ئىمان بىر كۆۋرۈك ۋە تارىخ بىر كۆۋرۈكتۇر . يىلتىزىمىزنى تېپىپ چىقىپ ، ھادىسلەر بىر - بىرىمىزدىن ئايرىۋەتكەن تارىخىمىز ئىچىدە يوقتۇلىنىشىمىزكېرەك . ئۇلارنىڭ ( تاشقى تۈركلەر ) بىزگە يېقىنلىشىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىن ، بىز ئۇلارغا يېقىنلىشىشىمىزكېرەك ، دېگەن چاقىرىقنى ئۇنۇتتى . ئۇلارنىڭ بىزگە يېقىنلىشىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىن بىز يېقىنلىشىشىمىز ، ھەر زامان تەييارلىق ھالدا تۇرۇشىمىز كېرەك ، دېگەنلەرنى خاتىرلىمىدى ۋە ياكى جۈرئەت قىلالمىدى . ئېزىلىۋاتقان ، ئازاپلىنىۋاتقان بۇ قېرىنداشلىرىغا ئىگە بولالمىدى . ئۇلارنىڭ كۆرەشلىرىنى قوللىيالمىدى . ھېسداشلىق قىلالمىدى ، قېرىنداشلىرىنىڭ ھەق داۋالىرىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشتا قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلالمىدى ياكى ئادا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . قىسقىسى ، بۇ

قېرىنداشلىرىغا تىلىنىڭ ، دىنىنىڭ ، تارىخىنىڭ ، مەدەنىيەت تۇپراقلىرىنىڭ بىرلىكىنى بىلدۈرەلمىدى . قېرىنداشلىق ھارارىتىنى بېرەلمىدى . دېمەككى ، يېڭى تۈركى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تۈركىيە تەييارلىقسىز ھالدا كۈتىۋالدى . نەتىجىدە 70 يىلدىن بېرى قېرىنداشلىق ھىدلىرىنى پۇرىيالمىغان ، تۇيغۇلىرىنى ، ھاياجىنىنى ئىپادىلىيەلمىگەن بۇ يېڭى جۇمھۇرىيەتلەر تۈركىيە بىلەن بىر ئارىغا كېلىپ ، ئۆزلىرىنى « تۈرك جۇمھۇرىيىتى » ، دەپ ئېتىراپ قىلىپ ، كۈچلۈك ئىتتىپاقلىق ، تۈركلۈك روھىنى ئىپادىلىمەي كەلمەكتە ! تۈركىيە ئەمدى تىرىشىۋاتىدۇ . غەيرەت قىلىۋاتىدۇ . تېخىمۇ غەيرەت قىلىشى كېرەك . ئۇلارغا قېرىنداشلىقنى ھېس قىلدۇرۇش ، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى ، ھېسسىياتلىرىنى قوزغاش كېرەك . بۇ بىر جاپالىق جەريان . بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ بەدەل بېرىش كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا تۈركلەرنىڭ پارلاق كېلەچىكى مەيدانغا كېلىدۇ .

21 ـ ئەسىرنى تۈركلەر ئەسىرى قىلىپ قۇرماق ، تۈركلەرنىڭ گۈزەل كېلەچەكنى ياراتماق ئۈچۈن ، تۈركىيەنى مەركەز قىلغان ھالدا ، بارلىق قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تىرىشىشى ، ئۆتكەن ساۋاقلارنى يەكۈنلىشى كېرەك . تارىختا ئۆتكەن بۇ خاتالىقلارنىڭ ، كەمچىلىكلەرنىڭ داۋاملىشىشىغا ، تەكرار يۈزبېرىشىگە ئەمدى يول قويماسلىق كېرەك . تارىختىكى غەيرەتسىزلىككە، جاسارەتسىزلىككە خاتىمە بېرىش كېرەك ! تارىختىكى ئاچچىق ساۋاقلار يەنىلا تولۇق يەكۈنلەنمەي كەلمەكتە .

ئوتتۇرا ئاسىيا دىكى قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشى بىلەن دۇنيا تۈركلىكىنىڭ مەسىلىسى تامامەن ھەل بولدىمۇ ؟ بۇنىڭ بىلەن



تۈركلەرنىڭ گۈزەل كېلەچەكنى قۇرالايمىزمۇ ؟ بۇ مەسىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .

تۈرك دۇنياسىنىڭ مەسىلىلىرى تېخى ھەل بولغىنى يوق ! مەسىلە ئالدىمىزدا . شەرقىي تۈركىستان ، چېچىنىيە ، قىرىم ، تاتارىستان ... قاتارلىق تۈرك جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تەقدىرى ھەل بولماستىن ، دۇنيا تۈركلىكىنىڭ تەقدىرىگە ئۈمىد بىلەن قاراش مۇمكىن ئەمەس ! دۇنيا تۈركلىكىنىڭ ئانا ۋەتىنى ، تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ بۆشىكى بولغان تەڭرى تاغلىرى ، ئالتاي تاغلىرى ، تارىم ، جۇڭغار ۋادىلىرى قۇتۇلماستىن دۇنيا تۈركلىرى ھەقىقى قەد كۆتۈرەلمەيدۇ !

يېڭى تۈرك جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى زور ئۈمىدلەندۈرگەن ئىدى . قۇتۇلۇش نۇرۇنىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەنلىكىدىن جاسارەتلەنگەن ئىدى . بۇ جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلىپ بىر قانچە يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى . شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىدە ھېچ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق . ئەكسىچە ، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ 30 ملىيون شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىكى زۇلمى تېخىمۇ كۈچەيمەكتە . دۇنيا جۈملىدىن تۈرك دۇنياسىمۇ بۇنىڭغا دىققىتىنى بۇرىغىنى يوق . تۈركىيە ھەم يېڭى تۈركى جۇمھۇرىيەتلەر ئاتا تۈركنىڭ ئۇتقىنى يەنىلا ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ . شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىگە تۈركلۈك ، قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى يەتكۈزەلمەيۋاتىدۇ . شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۈمىدلىرى ، ھېسسىياتلىرى جاۋابسىز قېلىۋاتىدۇ . بۇ تارىختىكى خاتالىقلارنىڭ ئەينەن داۋاملىشىشىدۇر . ۋەزىيەتنىڭ بۇ خىل داۋاملىشىشى 21 ـ ئەسىرنىڭ تۈركلەر ئەسىرى بولۇشىغا زور

تۇسالغۇلار پەيدا قىلىشى تەبىئىي !

بۈگۈنكى كۈندە قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستان كېلەچەكتە مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ، شەرقىي تۈركىستان بىلەن تۈركىيە ھەم يېڭى قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا قاتمال ۋەزىيەت شەكىللىنىشى مۇمكىن يەنى تۈركىيە بىلەن يېڭى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۈگۈنكى مۇناسىۋەت تەكرارلىنىپ ، تۈركىيە باشچىلىقىدىكى قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەييارلىقسىز كۈتۈۋېلىپ ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزلىرىگە تارتىشتا زورلۇق چېكىشى مۇمكىن .

ھازىر بەزى كىشىلەر ، بەزى تەشكىلاتلار « ئۇيغۇرىستان » نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، ئۇيغۇرىستان داۋاسىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ بۇلارنىڭ ھەق تەرەپلىرى بار . ئۆزىگە خاس پاكىتلىرى ، ئاساسلىرى بار ! 1864 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا « قەشقەرىيە » دۆلىتى قۇرۇلدى . بۇ دۆلەت 12 يىل ياشىدى . دۆلەت قۇرۇلۇپلا پادىشاھ ياقۇپ بەگ ئوسمانلى پادىشاھى ئابدۇل ئەزىزگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئوسمانلى دۆلىتىگە قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئەتراپىدىكى ئاغدۇرمىچىلىق قىلىۋاتقان ئەنگىلىيە ، روس ۋە مانجۇ جاھانگىرلىكىنىڭ تەھدىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلدى . 1933 - يىلى قەشقەردە « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇلدى ھەم تۈركىيەگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئېتىراپ قىلىشنى ھەم ھەربىي ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى . 1944 - يىلى غۇلجىدا « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇلدى . دېمەك ، يېقىنقى زامانلاردا شەرقىي تۈركىستان



خەلقى بىرقانچە قېتىم مۇستەقىل دۆلەت ھەم جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇردى . مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلىپلا ئەڭ ئالدى بىلەن تۈركىيەنى خىيالىغا كەلتۈردى ھەم ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ مۇناسىۋەت قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى . ئەپسۇسكى ، تۈركىيە ئاكتىپ قوللاش تەرەپدارى بولمىدى . ياردەم قىلمىدى . ھەتتا ئېتىراپمۇ قىلمىدى . 1933 - يىلدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى يالغۇز ئافغانىستان ئېتىراپ قىلدى . نەتىجىدە ياردەمسىز ، قوللاشسىز قالغان بۇ مۇستەقىللىقلار روس ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى . دېمەك ، تۈركىيە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈتكەنلىرىگە ، ئۈمىدلىرىگە لايىقى بىلەن جاۋاب بېرەلىگەن ، ياردەم قولىنى سۇنالىغان ، قېرىنداشلىق پىداكارلىقىنى كۆرسىتەلىگەن بولسا ئىدى ، شەرقىي تۈركىستان بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق ھاياتتا ياشىمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ چاغدا تۈركلۈك ئالەمىنىڭ تەقدىرىنى باشقىچە پەرەز قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى !

دېمەك ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى يۈز يىللاردىن بۇيان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ، تۈركلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلدى . ئۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدى . ئەپسۇسكى ، قېرىنداشلىرىدىن ، دىنداشلىرىدىن ھېچ بىر ياردەم كۆرمىدى . قېرىنداشلىق مېھرى - مۇھەببەت ھېس قىلمىدى . ئەكسىچە ، تۈركلەرگە تارىخىي ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى ساقلاپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ ، تۈرك دۈشمەنلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ، دۈشمەنلىكىگە ئۇچراپ كەلدى .

شەرقىي تۈركىستان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قېلىشىنىڭ سىياسىي تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان ، 45 يىلدىن

بۆيان كوممۇنىستلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ، دىنىي ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىي ، ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى قاتتىق ئاياق ـ ئاستى قىلىپ كەلمەكتە . ھەرخىل رەزىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ، بۇ خەلقنىڭ مىللىي كىملىكىنى ، دىنىي ئېتىقادىنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى . مەسجىدلەرنى ، جەمەلەرنى تاقاشقا ، قۇرئانلارنى كۆيدۈرۈشكە ، تارىخىي ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇندى . ئەمما جاسارەتلىك شەرقىي تۈركىستان خەلقى مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا ئېلىش ، مىللىتىنىڭ كىملىكىنى ، دىنىي ئېتىقادىنى قوغداش يولىدا كۈرەشلەرنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى . نەتىجىدە شەرقىي تۈركىستان مەسجىدلىرىدىن ئەزان ئاۋازلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنى ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھېچ بىر يېرىدە مىللىي مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىزلىرى ئۆچكىنى يوق . بۇ ھەقلەرنى كوممۇنىست خىتاينىڭ بەرگىنى يوق . بۇ ھەقلەرنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى كۈرەشلىرى ، ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە ئالدى. ھەقلىرىنى ئېلىش يولىدا يۈزلەرچە قېتىم قوزغالدى . يېرىم مىليوندىن ئارتۇق خەلق شەھىد بولدى . كۈرەش ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارماقتا . بۇ كۈرەشلەرنىڭ مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇلغانغا قەدەر داۋام قىلىشى بىرھەقىقەت . 1990 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شەرقىي تۈركىستاندا بارىن قوراللىق ئىنقىلابى پارتلىدى . دۇنيادا كۈچلۈك يادرو ـ ھەربىي دۆلىتى قاتارىدا سانىلىدىغان خىتاي بىلەن بىرھەپتىگە يېقىن كەسكىن جەڭ بولدى . ئاددى قوراللار بىلەن قوراللانغان خەلق قاتتىق پىداكارلىق كۆرسەتتى . خىتايلار زامانىۋى ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ئىشقا سېلىپ بۇ ئىنقىلابنى قانلىق باستۇرۇپلا قالماي ، بىگۇناھ ئاياللار ، باللارنى قىرغىن قىلدى . بۇ ئەھۋاللارغا دۇنيا جۈملىدىن تۈرك دۇنياسى سۈكۈت بىلەن قاراپ تۇردى . تۈركىيەدە بولسا بۇ



قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئاددىغىنە بىر ماتەممۇ تۇتۇلمىدى . ھەتتا بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشقا ھەرىكەت قىلمىدى ياكى جۈرئەت قىلمىدى . بۇ ۋەقەنى دۇنيادا تۇنجى خەۋەر قىلغان دۆلەت تۈركىيە ئەمەس بەلكى ئەنگىلىيە ، ياپونىيە بولدى . دېمەك ، شەرقىي تۈركىستاندا يېقىنقى يىللىدا پارتلىغان بۇ زور ۋەقە ، ئىگە چىقمىغانلىقتىن ، قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمىگە ، ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن دۇنيادا ھېچقانداق كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلالماستىنلا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى . بۇنداق ھادىسىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى تارىخلىرىدا نۇرغۇن يۈز بېرىپ ئۆتتى .

ئەگەر مۇنداق زور ۋەقەلەرنى ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھازىرقىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى بىرەر ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدە ياكى دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر خىرىستىئان ئەللىرىدە يۈز بەردى ، دەپ پەرەز قىلساق ، ئەھۋال قانداق بولار ئىدى ؟ ئۇ چاغدىمۇ ھازىرقى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋالدەك ئەھۋال يۈز بېرەتتىمۇ ؟ ئاشۇ ئەھۋال يۈز بېرەتتى دېيىشكە كىممۇ جۈرئەت قىلالايدۇ ؟

شەرقىي تۈركىستان سىرتىدىكى ئۆلكىلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋەتەن داۋاسى 40 يىلدىن بۇيان تۈركىيەنى ئاساسلىق بازا قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى . تۈركىيە بۇ داۋا ئۈچۈن زېمىن بەردى . شارائىتلار يارىتىپ بەردى . كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلدى . بۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى تۈركىيەنىڭ بايرىقىنى ، تۇپراقلىرىنى سۆيىدۇ . ھۆرمەت قىلىدۇ . ئەمىلىيەتتىمۇ قېرىنداشلار ئارىسىدا ، تۇققانلار ئارىسىدا بۇنچىلىق ئىلتىپاتلار بولمىسىمۇ بولمايتتى .

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۈركىيەدىن كۈتىدىغىنى ، ئىشەنچىسى بۇلا

ئەمەس، مۇھىمى مۇستەقىللىقى ، ھەق داۋاسىغا ، مىللىي ، مۇسۇلمانلىق داۋاسىغا ئىگە بولۇش ، ياردەم قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ .

40 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان لىدىرى ، تۈرك ئىسلام مۇجاھىدى ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ، تۈرك ئىسلام داۋاسىنى قىلىپ كەلدى . تۈركىيەگە ، دۇنياغا تۈركلۈك ئۇرۇقىنى چاچتى . دۇنيانىڭ ، تۈركلۈك ئالەمنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئىگە بولۇشنى ئۆتۈنۈپ ، بۇ يولدا كۆزلىرىدىن ئايرىلدى . بۇنىڭغا كىم تەسىرلەندى ؟ بۇلارنىڭ نەتىجىسى نېمە بولدى ؟

پەلەستىن داۋاسى ، تىبەت داۋالىرىنىڭ دۇنيادىكى تەسىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم . شەرقىي تۈركىستان داۋاسى نوتتۇرىغا چىققان ۋاقىتلاردا پەلەستىن ، تىبەت مەسىلىلىرى تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئىدى . بۇ داۋالارنىڭ دۇنياۋىي تەسىر پەيدا قىلىشىنىڭ ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدىن ئېشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەپ ، پەلەستىن ، تىبەت خەلقلىرىنىڭ قان تۆككەنلىكى ، ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغانلىقىمۇ؟ ئەمما شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قىلغان كۈرەشلىرى ، تۆككەن قانلىرىمۇ ئۇلارنىڭكىدىن ئاز ئەمەسقۇ ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەپلەر مۇرەككەپ ھەم ئۇزۇن بولسىمۇ ، ئەڭ مۇھىم سەۋەپلەرنىڭ بىرى ، پەلەستىن داۋاسىنى پۈتكۈل ئەرەپ ـ ئىسلام دۇنياسى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي داۋاسى ، دەپ بىلىدۇ . پەلەستىن مەسىلىسىنى پۈتكۈل ئەرەپ دۇنياسىنىڭ مەسىلىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ مۇئامىلە قىلدى ۋە بۇ داۋانى ئېلىپ باردى . تىبەت داۋاسى ھىندىستان ۋە ياۋروپادا ئېلىپ بېرىلغاچقا ، ھىندىستان ، ياۋروپا ،



ئامرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ، ھېسداشلىق قىلىشىغا ئېرىشتى . بۇ داۋاغا دۇنيا ياردەم قىلدى . ئىگە بولدى . نەتىجىدە پەلەستىن ، تىبەت مەسىلىلىرى خەلقئارا مەسىلىگە ئايلاندى . خەلقئارا تەشكىلاتلار ھەرتۈرلۈك قارارلارنى چىقاردى . بۇلاردىن تۈركىيە تەسىرلەندىمۇ ؟ 1992 ـ يىلى نويابىردا ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى ئون كىشىلىك بىر ھەيئەتنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى ھەم قارار چىقىرىپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئاگاھلاندۇرۇش قىلدى ھەم قاتتىق ئەيىپلىدى . ئەنگلىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە قارار چىقاردى . ياۋروپا پارلامېنتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتوم سىنىقىنى توختۇتۇش ھەققىدە قارار ئالدى . بۇلاردىن تۈركىيە خەۋەرسىزمۇ ؟

تۈركىيە پارلامېنتوسى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بىرەر قېتىم قارار چىقاردىمۇ ؟ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئۇچرىشىشلاردا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تىلغا ئېلىندىمۇ ؟ يىللاردىن بۇيان بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىدا تۈركلۈكنىڭ سىموۋولى بولۇپ تۇرغان تۈركىيە ، بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىدا ، خەلقئارا دىپلوماتىيەدە ، يىغىنلاردا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەم بۇرۇنقى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتىمۇ ؟ بىرلەشكەن مىللەتلەرتەشكىلاتىدىكى تۈرك جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سانى ئالتىگە يەتكەندىن كېيىن ، يېڭى تۈرك جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە ، خەلقئارالىق ئۇچرىشىشلاردا ، 1994 ـ يىلدىكى ئىستانبۇل باياناتلىرىدا ، ئانتالىيا ، ئىزمىردا بولۇپ ئۆتكەن تۈرك دۆلەتلىرى ، توپلۇلۇقلىرى قېرىنداشلىق ، دوستلۇق ، ئىش

بىرلىكى قۇرۇلتايلىرىدا شەرقىي تۈركىستان ۋە باشقا ئەسىر تۈرك ئەللىرىنىڭ مەسىلىلىرى تىلغا ئېلىنىدىمۇ ياكى پروگراممىغا كىرگۈزۈلدىمۇ ؟ بۇ سوئاللارغا تۈركىيە ۋە تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ئويلىنىپ بېقىشى ھەم جاۋاپ بېرىشى كېرەك . بۇ سوئاللار جاۋاپسىز ھالدا قانداقمۇ 21 ـ ئەسىرنى تۈركلەر ئەسىرى بولىدۇ دېيەلەيمىز ؟ توغرا دۈشمەنلىرىمىز كۈچلۈك . ئەمما دۈشمەننى كۈچلۈك دەپ قورۇقساق ، بەل قويۇۋەتسەك ئاقىۋەت قانداق بولىدۇ ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ . بىز تۈركلەر ئوغۇزخاننىڭ ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولمىش تارىخىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى قورقۇش بىزنىڭ قېنىمىزدا يوق !

30 مىليون شەرقىي تۈركىستانلىق ئاتوم بومبىسى بولغان ، قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە 1 مىليارت 300 مىليون خىتايغا قارشى كۈرەش قىلىپ كەلمەكتە . ئەگەر قورقۇپ ، كۈرەش قىلمىسا ئىدى 1 مىليارت 300 مىليون نوپۇسقا ئىگە دۈشمەنگە يەم بولۇپ كەتكەن بولاتتى . ئەمما قورقماستىن ، قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ كەلدى . نەتىجىدە مىللىي مەۋجۇدىيىتىنى ، مۇسۇلمانلىقىنى ، مەدەنىيەتلىرىنى قوغداپ كەلدى . بۇ تۇپراقتىكى ئۇيغۇر خەلقى 1000 يىللاردىن بۇيان خىتايلار بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلمەكتە . خىتايلار بىلەن بولغان كۈرەشلەردە بەزى مىللەتلەر بەرداشلىق بېرەلمەستىن يوقاپ كەتتى . مەسىلەن : خىتاينى 300 يىل مۇستەملىكە قىلغان مانجۇلار شۇنداق بولدى . شەرقىي تۈركىستان خەلقىلا بۇ كۈرەشتە يوقاپ كەتمەستىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە . 1 مىليارت 300 مىليون نوپۇسقا ئىگە دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى پەقەت شەرقىي تۈركىستان خەلقىلا قورۇقماستىن قىلدى ھەم قىلالايدۇ . باشقا



ھېچكىم قىلالمىدى ھەم قىلالمايدۇ . چۈنكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئوغۇزخان نەسلىدۇر . ساتۇق بۇغراخان نەسلىدۇر . شۇ ھەقىقەتكە قەتئىي ئىشىنىش كېرەككى ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولىدۇ . بۇ مۇستەقىللىقنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزلىرى قولغا كەلتۈرىدۇ . شەرقىي تۈركىستانلىقتىن باشقا ھېچكىم بۇنى قىلالمايدۇ . شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دۇنيادىن ، تۈرك قېرىنداشلىرىدىن ، ئىسلام دۇنياسىدىن ياردەم ئىستىگىنى ، ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىشى ، شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىق ئەمەس . بۇنى ئاخىرقى ھېساپتا ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىم قىلالمايدۇ . ئەمما ھەققانى ، مىللىي داۋاسىغا ئىنسانلىق ئالەمنىڭ ، ئىسلام ئالەمنىڭ ، قېرىنداشلىرىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشىنى ، ياردەم قىلىشىنى ، قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدى . شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇكى ، تۈركىيە ۋە باشقا قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەر ئىمكانىيەتلىرى بولغان ياردەملەرنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن قىلىشى كېرەك . شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ، يەنە يېڭى قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەرگە ئوخشاشلا ئىسلام ئەھلىلىرىگە ، تېخنىك خادىملارغا ، ئوفىتسىرلارغا ئېھتىياجى چۈشىدۇ . ئەزەربەيجان ، ئەرمەن سوقۇشىدا ئەزەربەيجاننىڭ تۈركىيەدىن ئەسكەر ئەمەس ، ئوفىتسىر تەلەپ قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك . ھازىرغا قەدەر تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 50 كە يەتمەيدۇ . يېڭى تۈرك جۇمھۇرىيەتلەردە تېخىمۇ ئاز . ئوقۇشقا كېلىپ ، ئىمكان يوق كېتىۋاتقانلار مۇ بار . ئەمما ياپونىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار 100دىن ئاشتى . 200 دىن كۆپراقى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتتى . ياپونىيە شەرقىي تۈركىستاندا قانچىلىغان زامانىۋى مەكتەپلەرنى

قۇرۇپ بەردى . ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى 50 مىڭدىن ئاشىدۇ . باشقا دۆلەتلەردە ئوقۇۋاتقانلىرى نەچچە ئون مىڭغا يېتىدۇ . ئامېرىكا ۋە باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەر خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ئاغدۇرۇشقا شۇنچىلىك كۆچەۋاتقان ، خىتاي دېموكراتىك كۈچلىرىگە ياردەم قىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق ، تارىخىمىز بىر ، مەدەنىيىتىمىز بىر ، تىلىمىز بىر ، دىنىمىز بىر بولغان قېرىنداشلار بىر - بىرىمىزگە ياردەم قىلىشتىن ، ھەق داۋالىرىمىزنى قوللاشتىن نېمىشقا قاچىمىز ؟

پەلەستىن داۋاسى ئەرەبلەرنىڭ مىللىي دەۋاسى ، قىبرىس ، ئەزەربەيجان داۋالىرى تۈركىيەنىڭ مىللىي دەۋاسى ، ئۇنداق ئىكەن ، نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان داۋاسى تۈركىيە ۋە باشقا قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مىللىي داۋاسى بولالمايدۇ ؟

خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىكى زۇلمى ۋە خەتەرلىك سىياسەتلىرى ، يالغۇز شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلىنغان زۇلۇم ۋە سۈمۈرگۈچىلىك سىياستى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى پۈتۈن تۈرك دۇنياسىغا ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ئۈچۈن يۈرگۈزىۋاتقان ئۇزۇن مۇددەتلىك سۈمۈرگە سىياستىدۇر . خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر كۈنى نەچچە مىڭلارچە خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا توشۇپ چىقىپ ، تۇپراق ئىگەللەشتىن ئىبارەت ۋەھشىي سىياسەت ئېلىپ بارماقتا . 1964 - يىلدىن ھازىرغىچە ئېلىپ بارغان ئاتوم سىنىقى يالغۇز شەرقىي تۈركىستان مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپلا قالماستىن ، بەلكى قازاغىستان ، قىرغىزىستان قاتارلىق قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە



بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى . تۇپراق ، سۇلىرى زەھەرلەندى . ھەر تۈرلۈك ۋابالارنى ، تېپى ئېنىق بولمىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلدى . ئون مىڭلارچە ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمىگە ، مىليونلارچە بوۋاقلارنىڭ مېيىپ تۇغۇلۇشىغا سەۋەپ بولدى . بۇ ئاتوم سىناقلىرىنىڭ بىۋاستە قۇربانلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش خەلقلىرىمىز بولدى .

قېرىنداش يېڭى جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولغان بىر قانچە يىل ئىچىدە 4 مىليونغا يېقىن خىتايلار ، تىجارەت باھانىسى بىلەن بۇ جۇمھۇرىيەتلەرگە ئېقىپ كىردى . بۇ خىتاينىڭ تۇپراق ئىگەللەش سىياستىنىڭ ئاستا - ئاستا ئەمەلگە ئېشىشىدۇر .

1مىليارت 300 مىليون خىتاينىڭ تۇپراققا ئېھتىياجى بولۇپ ، بۇ ئېھتىياجى ئۈچۈن ، كۆزىنى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىگە قادىماقتا .

تارىختا قارايدىغان بولساق ، ھەرقانداق بىر ئىمپېرىيالىست كۈچ ئاسىياغا خوجايىن بولۇش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگەللىگەن ئىدى . ئوتتۇرا ئاسىيانى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىش ئاسىيانى قولغا ئېلىش ، دېگەن گەپ . خىتايلار بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ، ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسەت ئېلىپ بارماقتا . تارىختا يىپەك يولى بىلەن گۈللەپ ياشنىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ، 21 - ئەسىردە نېفتى ۋە مول يەر ئاستى ، يەر ئۈستى تەبىئىي بايلىقلىرى بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ مۇھىم جۇغراپىيىسىگە ئايلىنىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ، پۈتۈن تۈرك دۇنياسى ھازىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھمىيىتىگە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك . خىتاينىڭ ۋە باشقا ئىمپېرىيالىست كۈچلەرنىڭ

ئاسسىمىلاسىيە سىياسىتىگە قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك . خىتاينىڭ يالغۇز شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈنلا ئەمەس ، پۈتۈن تۈرك دۇنياسى ئۈچۈن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش كېرەك . شەرقىي تۈركىستانسىز تىنچلىق ئىچىدىكى تۈرك دۇنياسىدىن سۆز ئېچىش قىيىن ، ھەتتا شەرقىي تۈركىستانسىز تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەبەدىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ! شەرقىي تۈركىستاننىڭ ، تۈرك دۇنياسىنىڭ سالامىتى ۋە دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن شەرقتىن ۋاز كېچىش مۇمكىن بولمىغان بىر قالقان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك .

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ، ياۋروپالىقلارنىڭ ، ياپونلارنىڭ ھەتتا خىتايلارنىڭمۇ 100 يىللىق ، 200 يىللىق پىلان پروگراممىلىرى بار . ناھايىتى ئۇزۇننى ئويلايدۇ . بۇ پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، پۈتۈن ئىمكانلىرى بويىچە ئەتراپلىق ، سىستېمىلىق كۈرەش قىلىدۇ . تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ 100 يىللىق ، 200 يىللىق پىلانلىرى ، ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسەتلىرى بولۇشى كېرەك . بۇنداق ئۇزۇننى ئويلاش ، يىراقنى كۆرۈشنى يالغۇز ئامېرىكىلىقلارغا ، ياۋروپالىقلارغا ۋە ياكى خىتايلارغا خاس خۇسۇسىيەت قىلىپ قويماسلىق كېرەك . بۇنداق خۇسۇسىيەت تۈركىي خەلقلەرگىمۇ ئىنتايىن يارىشىدۇ . تارىختا ئەجدادلىرىمىز ئىنتايىن ئۇزۇننى ئويلىغان . يىراقلارنى كۆرەلىگەن ئىدى . مەسىلەن : مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي تىللار دىۋانى نى يېزىپ باغدات خەلىپىسىگە تەقدىم قىلىپ ، كەلگۈسىدە تۈركلەرنىڭ دۇنياغا خوجا بولىدىغانلىقىنى ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تۈركىي تىللارنى ئۆگىنىشىنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى . دېگەندەك ئارىدىن 3 ، 4



ئەسىر ئۆتۈپ ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دېگىنى ئەمەلگە ئاشتى . ئوسمانلى تۈركلىرى ياۋروپا ، ئاسىيا ، ئافرىقا ۋە پۈتۈن ئەرەبلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى . بىز بۇلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز ۋە ياخشى ئويلىشىمىز كېرەك . 21 - ئەسىرنى تۈركلەر ئەسرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ، تۈركلەرنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى ياراتماق ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ قەدەملەرنى پۇختا ھەم ئەتراپلىق بېسىش كېرەك . ۋاقىتنى يەنە ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ . ئۇرغۇن ۋاقىتلار، پۇرسەتلەر ئۆتۈپ كەتتى . ئەمدىكى ھەر بىر مىنۇت قىممەتلىك . بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ غەيرەت قىلىشقا ، كۆپ بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ . قۇرماقچى بولغان گۈزەل كېلەچەك ئۆزلىكىدىن كەلمەيدۇ . بۇنى كۈرەش قىلىش ئارقىلىقلا ئەكېلىش مۇمكىن ! ئەڭ ئاخىرىدا تەكرار شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى : 21 - ئەسىرنى تۈركلەر ئەسرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ، تۈرك دۇنياسىنىڭ مەڭگۈلۈك سالامەتلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىدۇر !

1994- يىلى 4 - ئاي . ئەنقەرە

بۇ ماقالە 1994 - يىلى 4 - ئايدا ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن 21 - ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستان ناملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنۇلغان )

# ۋە تەن سىرتىدىكى ئىنقىلابىمىز ۋە ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىسى

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابى ئۇزۇن تارىخ، مۇرەككەپ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلدى. ھەرقايسى تارىخىي دەۋردىكى ئىنقىلاب شەكلىمۇ ھەرخىل بولۇپ، بۇ جەرياندا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەرمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بولدى. مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىز ھەرقايسى تارىخىي شارائىتلاردا ھەرخىل كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ تاشقى كۈچلەرنىڭ (باشقا دۆلەتلەرنىڭ) ئارلىشىشى كۈچلۈك بولدى. ھەتتا بەزى دەۋرلەردە ئىنقىلاب يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە، ئازاتلىق مېۋىمىزنىڭ قولدىن كېتىشىگە قەدەر تەسىر قىلدى. مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ (مەيلى ۋەتەن ئىچىدىكى بولسۇن، مەيلى ۋەتەن سىرتىدىكى قىسمى بولسۇن) بۈگۈنكى جەريانلىرىمۇ ھەرخىل تاشقى كۈچلەرنىڭ قول تىقىشىغا، تەسىرىگە ئۇچرىشى تەبىئىيدۇر.

شۇڭا مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىز جەريانىدا بۇنداق ئەھۋاللارغا جىددىي مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئىنتايىن سەگەك بولۇشىمىز ۋە تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن ئاساستا مۇئامىلە قىلىشىمىز، يۆنىلىش، پىرىنسىپ بەلگىلىشىمىز لازىم. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بۈگۈنكى كۈندە ئىنتايىن جىددىي، نازۇك ۋە ھالقىلىق پەيتكە كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، بۇ مەسىلىنى



ھەل قىلىشنىڭ يوللىرى نوتتۇرىغا قويۇلغىنى، سىياسىي يۆنىلىشى، ستراتېگىيەسى تۈزۈپ چىقىلغىنى يوق. ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ، سىياسىي ئەربابلىرىمىزنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم پىلان، پروگراممىسى بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىيلىققا ئىگە ئەمەس. مەسىلىنى ئىگىزىدىن ھەل قىلىشنىڭ يوللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى يوق. مەنچە، بۇ ۋەزىپىنى ۋەتەننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدە ۋەتەن ئىچىدىكى ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ ئورۇنلىشىنى كۈتۈش تولىمۇ قىيىن. بۇ ۋەتەن سىرتىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىدۇر.

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرىكەتلەر بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگىدۇر. بۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان شارائىتلاردا ئۈستىگە ئالغان ھەرىكەت پىلانىنى، مەقسەت پىرىنسىپلىرىنى، ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقالماسلىقى ۋە ستراتېگىيە، پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدىغان باش ئورگانىزىمنى قۇرۇپ چىقالماسلىقىمىز كىشىنى ئەجەپلەندۈرىدىغان ئەڭ ئېچىنىشلىق ھادىسىدۇر.

1992 - يىلى ئىستانبۇلدا ئېچىلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى ۋە ئېلىنغان قارارلار، مىللىتىمىزنىڭ يىللاردىن بۇيان كۈتكەن ئارزۇ - ئۈمىدى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ تەقەززاسى ئىدى. قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىپ، بىر مەركەزنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ۋە ئىنقىلابىمىزنىڭ بىر مەركەزدىن يۈرگۈزۈلۈشى، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ يېڭى بىر

باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشى بولاتتى . قۇرۇلتاي غەلىبىلىك ئېچىلغان بولسىمۇ ، ئەپسۇسكى ، كۈتكەن مەقسەتكە يېتەلمىدى . بۇنداق بولۇشقا نۇرغۇنلىغان ئىچكى ـ تاشقى ئامىللار سەۋەپ بولدى . ئىستانبۇل قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ بۈگۈن ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ، 2 ـ قۇرۇلتاي تېخىچە ئېچىلغىنى يوق . ھەرقايسى تەشكىلاتلار ئۆز ئالدىغا پىرىنسىپ بەلگىلەپ ، ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ بارماقتا ، تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ئالاقە مۇناسىۋەتلەر ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ ، بەزى پىرىنسىپاللىق ھاياتى مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكى يوق بولماقتا . چېچىلاڭغۇلۇق خېلىلا ئېغىر . ھەر بىر تەشكىلات ئۆز ئالدىغا بىردىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى نى قۇرىۋالغاندەك كۆرۈنمەكتە . يېقىندىن بۇيان ۋەتەندە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ، بولۇپمۇ 2 ـ ئايدىكى غۇلجا ۋەقەسى ۋە بۇ ۋەقەدىن كېيىن باشقا جايلارغا يېيىلغان ۋەقەلەر شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىرقەدەر تونۇتتى . دۇنيانىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى . دۇنيادىكى پۈتۈن گېزىت ـ تېلېۋىزورلار بەس ـ بەس بىلەن خەۋەر قىلىشتى . دۇنيادىكى نۇرغۇن خەلقئارا تەشكىلاتلار بىزنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلاتلىرىمىزدىن بۇ ۋەقەلەر ھەققىدە مەلۇمات ئىستىدى . كۆز قاراشلىرىنى ئالدى . بەزى تەشكىلات ۋە سىياسەتچىلىرىمىزنىڭ بەرگەن جاۋابىدا ، كۆز قاراشلىرىدا ، مەسىلىگە بولغان شەرھلىرىدە نۇرغۇنلىغان ئوخشاشماسلىقلار ئوتتۇرىغا چىقتى . بۇ ھال بەزى تەشكىلاتلارنى ، مەتبۇئاتلارنى ئىككى خىيال قىلىپ ، بەزى گۇمانى قاراشلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . مەسىلەن : بۇ قېتىمقى غۇلجا ۋەقەسىنى بەزى تەشكىلات ، بەزى سىياسەتچىلىرىمىز ، تولۇق مۇستەقىللىق ئۈچۈن قوزغۇلۇش ، دەپ شەرھلىسە ، بەزىلىرى ، پەقەت دىنىي ئەركىنلىكنى قوغداش ئۈچۈن ، دەپ شەرھلىدى



. بەزىلەر ، بۇلار مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئەمەس ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، دەپ شەرھلىدى . بەزىلەر ، بۇ ۋەقە زۇلۇمغا چىدىماي تەساددىپى قوزغالدى دېسە ، بەزىلىرى ، ئۇزۇن مۇددەت تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق ، تەشكىللىك قوزغالدى ، دەپ كۆرسەتتى . يەنە بەزىلەر ، بۇ ۋەقەنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى كۈچلەر بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق دېسە ، بەزىلەر بۇ ۋەقە ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىللىرىمىز بىلەن ئالاقىلىق ، بىزنىڭ ئالاقىمىز بار ، بىز قوزغاتتۇق ، دەپ بايانات بەردى . ۋەتەن ئىچىدىكىلەرنىڭ پىكرى بولسا يەنە باشقىچە . دېمەك ، بىر ۋەقە ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنىڭ ، باياناتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ، تەبىئىيكى ، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ بىزگە ياردەم قىلىش ، ھېسداشلىقىنى قوزغاش يېرىدە ، گۇمان پەيدا قىلىش ، قايسىسىغا ئىشىنىشنى بىلەلمەسلىك ئەھۋاللىرىنى سادىر قىلدى . ھەتتا بەزىدە بەزى تەشكىلاتلارنىڭ پايدىسىز باياناتلىرىدىن خىتاي ھۆكۈمىتى پايدىلىنىپ كېتىپ ، ۋەقەلەرنى قاتتىق باستۇرۇشنىڭ كوزىرى قىلىۋالدى . بۇنداق ھادىسىلەر بۇنىدىن بۇرۇنمۇ سادىر بولۇپ تۇردى . ھەتتا مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ مەقسىدىنى بەزىلەر ، تولۇق مۇستەقىللىققا ئېرىشىش دېسە ، بەزىلەر ، فېدىراتسىيون دەپ بايان قىلدى . دېمەك ، ۋەتەن سىرتىدىكى ھەرىكىتىمىزنىڭ بىر مەزگەزلىك ھالغا كەلمىگەنلىكى ، پىكىر بىرلىكىنىڭ بولمىغانلىقى ، بەزى نازۇك ، ھاياتى مەسىلىلەردە بىر تۇتاش سىياسەت بەلگىلىمىگەنلىكتىن ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزدە نۇرغۇنلىغان سەۋەنلىكلەر ، ماھىيەتلىك خاتالىقلار ، ھەتتا بەزىدە مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزگە زىيان سالىدىغان ئىشلارمۇ سادىر بولدى . شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ، بولۇپمۇ ۋەتەن ئىچىدىكى ۋەزىيەت ئىنتايىن

كەسكىن بىر هالەتكە ئۆتتى . خىتاي مەركىزى هۆكۈمىتى ئىچىدىمۇ كۈچلۈك زىددىيەتلەر ياشانماقتا . يەنە هۆكۈمەت بىلەن ئارمىيە ئوتتۇرسىدىمۇ قارمۇ قارشىلىق مەۋجۇت ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاينىڭ جەنۇبىي رايۇنلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەقىياتى بىلەن ، شىمال رايۇنلىرىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يەنى ئىقتىسادىي تەڭپۇڭسىزلىقىمۇ جەنۇبىي رايۇنلارنىڭ خىتاي مەركىزى هۆكۈمىتىدىن يىراقلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا . هەتتا ئايرىلىپ كېتىشتەك تۈيغۇلىرىنى ئىپادىلىمەكتە . بۇلاردىن باشقا جۇڭگونىڭ سىرتىدىكى خىتاي دېموكراتىك كۈچلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ ئاكتىپ بولماقتا . شاڭگاڭ هازىرچە خىتايغا تىنچ قايتىپ كەلگەندەك كۆرۈنسىمۇ ، بۇ تىنچلىقنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىششى قىيىن كۆرۈنمەكتە . 1989 - يىلدىكى تيەنئەنمىن ۋەقەسى ۋە بۇ ۋەقەدە دەريا بولۇپ ئاققان نەچچە مىڭلىغان خىتاي ياشلىرىنىڭ قانلىرىنى خىتاي خەلقىنىڭ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق . بۇلاردىن باشقا شەرقىي تۈركىستان ، ئىچكى موڭغۇل ۋە دالاي لامانىڭ خەلقئارادىكى تىبەت داۋاسى ئۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ هېسداشلىقىنى قوزغاپ ، خىتاي هۆكۈمىتىگە قارشى بېسىم پەيدا قىلماقتا . دېمەك ، يوقىرىقىدەك ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار خىتاي ئىچىدە يېقىن كەلگۈسىدە بىر قالايمىقانچىلىق ، بىر سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە . خىتاي ئىچىدە يېقىن كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېهتىمالى بولغان ئۆزگىرىشكە ، قانداق تەييارلىق بىلەن تۇرۇش ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي كۈرىشىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرىدىن بىرى .

ئالدى بىلەن بىز شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى ، بىز ۋەتەننى خىتتايدىن ئالىمىز . بىز ۋەتەننى ئالماقچى بولغان خىتاي بەلكى كوممۇنىست



خىتتاي بولۇشى ، بەلكى دېموكراتىك خىتاي بولۇشىمۇ مومكىن . قايسى بولۇشتىن قەتئىي نەزەر بىز ئالىمىز دەيمىز ، ئۇلار بەمەيمىز دەيدۇ . ئاخىرىدا كۈرەش ئالىمىز بىلەن بەرمەيمىز ئوتتۇرسىدىكى كۈرەش بولۇپ ، مەيلى قۇراللىق كۈرەش بىلەن ئالايلى ، مەيلى سىياسىي كۈرەش بىلەن ئالايلى ، يەنىلا خىتاي بىلەن يۈملاق سۆهبەت ئۈستىلى گە كېلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ . بىز خىتاي بىلەن قەتئىي بىر يەرگە كەلمەسلىك پىرىنسىپىمىز بىلەن ، بىز ئىستانبۇلدا ، ياكى گىرمانىيەدە ۋە ياكى ئالمۇتادا تۇرۇپ ۋەتەن ئالىمىز دېيىشىمىز كۈلكىلىكتۇر . چۈنكى خىتاي ۋەتەننى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئەكەلمەيدۇ ، بىز ئالىمىز . بۇنداق ئىكەن ، ئاخىرىدا يەنە سۆهبەت ئۈستىلىگە ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . پۈتۈن مەسىلىنىڭ مۇهىم نوقتىسى مۇشۇ يەردە . يەنى شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا ، بۇ سۆهبەت ئۈستىلىگە كىمنىڭ ، قايسى تەشكىلاتىمىزنىڭ ۋەكىللىك قىلىش مەسىلىسىدۇر . بۇ بىزنىڭ ئەڭ قاتتىق باش قاتۇرىدىغان مەسىلىمىزدۇر ۋە ئەڭ ئاجىز نوقتىمىزدۇر . مەسىلەن ئالايلۇق ، هازىرقىدەك هەر بىر تەشكىلات ئۆز ئالدىغا بىردىن هۆكۈمەت قۇرىۋالغان شارائىتتا خىتايدا زور بىر سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى ، دەپ پەرەز قىلايلى ۋە ياكى هەرخىل ئىچكى - تاشقى بېسىم تۈپەيلىدىن دەيلى ، خىتاي هۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى هەل قىلىش ئۈچۈن ، بىزنى سۆهبەتلىششكە ، كېلىشىم هاسىل قىلىشقا تەكلىپ قىلسا ، بىزنىڭ مەۋجۇت تەشكىلاتلىرىمىزدىن 10 ياكى 15 دانە تەشكىلات ، 10 ياكى 15 خىل پىكىر ، تەلەپ - لايىهەلەر ئوتتۇرىغاقويۇپ ، سۆهبەت ئۈستىلىگە كەلسەك ، ئاقىبەتنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقايلى؟ ئۇ چاغدا خىتايلار تەبئىيكى سىلەر زادى نېمە تەلەپ قىلماقچى ، قايسىڭلارنىڭ تەلەپ لايىهەسى كۈچكە ئىگە ،

سلەر ئەۋۋەل ئۆز ئارا كېلىشىپ كېلىشكىلار دەپ يولغا سېلىشى تۇرغان گەپ . ئۇ چاغدا خىتايلار ئۇچۇن تارىخىي بىر كوزىر يارتىپ بەرگەن بولىمىز ، تارىخىي پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان ، ۋەتەن ، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن ئويناشقان بولىمىز . خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئالدىدىمۇ قايتا شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى كۆتىرىپ چىقىشقا يۈزىمىز ۋە يولىمىز قالمايدۇ . چۈنكى دۇنيادا پۈتۈن مىللەتلەر ئەركىن ، ھۆر ياشىشى كېرەك دېگەن بايانلار ، سابىق يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق جايلاردا ئۆتكەن ھادىسىلەردىن ساۋاق ئېلىپ ، بۈگۈنكى دۇنيا شەرتلىرى ئۆزگىرىپ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە مىللەتلەر مۇستەقىل ياشىسا بولىدۇ دېگەنگە تىكىشلىدى . شۇڭا خىتايدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ۋەقەلەرگە سەگەكلىك بىلەن دىققەت قىلىپ ، تەييارلىقتا تۇرمايدىغان بولساق ، بەزى تەشكىلى جەھەتتىكى ئاجىزلىقىمىزدىن خىتايلار پايدىلىنىپ كېتىشى مومكىن . ئەگەر يوقىرىقىدەك ئەھۋاللار تىبەتلىكلەر ئۇچۇن ئوتتۇرىغا قويۇلسا ، بىرىنچىكىگە تامامەن ئوخشىمىغان نەتىجىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز . چۈنكى تىبەتلىكلەر خىتاي ئىچىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ كىچىك ۋەقەلەرگىمۇ تەييارلىق ھالىتىدە تۇرماقتا . چۈنكى تىبەت مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتى دالاي لاما رەھبەرلىكىدىكى سەرگەردان ھۆكۈمەت ، بىر مەركەزنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلماقتا . پەلەستىن مەسىلىسىدىمۇ ئوخشاش ئەھۋالنى كۆرەلەيمىز . ئەرەپلەردە ئەرەپلەر ئىتتىپاقلاشماسلىقتا ئىتتىپاقلاشقان دېگەن مەشهور سۆزنىڭ بولۇشىغا قارماي ، پەلەستىنلىكلەر مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى بىر مەركەزدىن يۈرگۈزۈش ئۇچۇن 7 دانە چوڭ تەشكىلات بىر ئارىغا كېلىپ پەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتى نى قورۇپ ، ئاراپاتنى مىللىي رەھبەر قىلىپ



تىكلەپ چىقالىدى . نەتىجىدە پەلەستىن داۋاسى دۇنياۋىي مەسىلىگە ئايلاندى . ئوخشاشلا چېچەنلەرنىمۇ مىسال قىلىش مومكىن . دېمەك ، دۇنيادا مىللىي ئازاتلىق ئۇچۇن كۈرەش قىلىۋاتقان مىللەتلەرگە قارايدىغان بولساق ، ئىنقىلابىنى بىر مەركەزدىن باشقۇرغان مىللەتلەرنىڭ داۋاسى خەلقئارالاشقان دۇنياۋىي تەسىرگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز .

بىز يوقىرىقى بايانلىرىمىزنى يىغىنچاقلاپ خۇلاسىلىغىنىمىزدا ، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي ۋە بىرىنچى ۋەزىپىسى ، مىللىي مۇجادىلىمىزگە بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر مەركەز ئورگانىمىزنى قۇرۇپ چىقىشتۇر . بۇ ئورگاننىڭ نامىنى « شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » دەپ ئاتاش مومكىن ياكى « شەرقىي تۈركىسان مىللىي قۇرۇلتىيى » دەپ ئاتاش مومكىن ۋە ياكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى مىللىي بىرلىك سېپى » دېيىش مومكىن ياكى باشقا ئىسىم بولۇشى مومكىن . نامىنىڭ قانداق ئاتىلىشىدىن قەتئىي نەزەر قۇرۇلماقچى بولغان باش شتاپىنىڭ فونكسيونى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزگە بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولىشى . بۇنىڭ ئۇچۇن ۋەتەن سىرتىدىكى پۈتۈن تەشكىلاتلىرىمىز ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرى ، سىياسەتچىلىرىمىز مەۋجۇت بولىۋاتقان قىسمەن پىكىر ئىختىلاپلىرىنى ، ھەرقانداق شەكىلدىكى شەخسىي غەرەز ياكى مەنپەئەتلىرىنى بىر يەرگە قايرىپ قويۇپ ، ئالقىنىنى يۈرىكىگە ، ۋىجدانىغا قويۇپ ، ۋەتەن ، مىللەت تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھاياتى مەسىلىلەردە بىر ئارىغا كېلىشى ، سالاھىيەتلىك بىر « مەركەز » نى قورۇپ چىقىشتەك تارىخىي ۋەزىپىسنى ئورۇنلىشى كېرەك .

مۇشۇ تارىخىي ۋەزىيەتنى غەلىبىلىك ئورۇنلىغاندىلا ، ۋەتەن سىرتىدىكى ئىنقىلابىمىز ۋە ئىنقىلاپچىلىرىمىز سالاھىيەت قازانغان بولىدۇ . ۋەتەن خەلقى ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلىغان بولىدۇ . شۇنداقلا كەلگۈسىدە ۋەتەنگە شەرەپ بىلەن قايتىش شەرتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ . بۇ 1 - ۋەزىپە غەلىبىلىك ئورۇنلانغاندا ۋەتەن سىرتىدىكى ھەرىكىتىمىز ، ۋەتەن ئىچىدىكى ھەرىكىتىمىز بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئېرىشىدۇ . ۋەتەن ئىچىدىكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭمۇ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ خەلقئارادىكى سۆزچىلىك سالاھىيىتىنى يۈرگۈزەلەيدۇ . ئىچكى - تاشقى كۈچلەرنىڭ بىرلىكتە ھەمكارلىششى بىلەن ، مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ سىستېمىلاشقان سىياسىي پروگراممىسى تۈزۈلۈپ چىقىلىدۇ ، يۆنىلىشى بەلگىلىنىدۇ ، ۋەتەن ، مىللەت تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھاياتى مەسىلىلەردە پۈتۈن تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ بىردەك ھەرىكەت قىلىشىنى ، بىرخىل ئاۋاز چىقىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مومكىن . شۇنداق قىلغاندىلا خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ، خەلقئارا تەشكىلات ۋە دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزگە بولغان ئىشەنچىسى ، ھېسداشلىقى ۋە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىيالايمىز .

ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي موجادىلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى 2 - جىددىي ۋەزىپىسى ، قۇرۇلماقچى بولغان جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئاساسى قانۇن لايىھەسى نى تۈزۈپ چىقىشتۇر . ئەسلىدە ئاساسى قانۇن لايىھەسى نى تۈزۈپ چىقىشنى 2 - ۋەزىپە دېمەستىن قۇرۇلماقچى بولغان مەركەز نىڭ مۇھىم بىر خىزمەت پىلانى قىلىپ كۆرسىتىشمۇ مومكىن . بۇ ۋەزىپىنىڭ ئورۇنلىنىشىمۇ



تەبئىيكى 1 - ۋەزىپىنىڭ غەلىبىلىك ئورۇنلىنىشىغا باغلىق .1 - ۋەزىپە ئورۇنلانماي تۇرۇپ ، 2 - ۋەزىپىنى ئورۇنلاش مومكىن ئەمەس ، مومكىن بولغان تەقدىردىمۇ ئەھمىيىتى ۋە سالاھىيەت مەسىلىسىدە كۈچسىز قالىدۇ .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، « مىللەتلەر مۇستەقىل ، ھۆر ياشاش ھەققىگە ساھىپ » دېگەن پىرىنسىپلار ، 90 - يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن يۈز بەرگەن دۇنياۋىي سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ، سابىق يۇگوسلاۋىيە تۇپراقلىرىدىكى بۆلۈنۈش ۋە قانلىق توقۇنۇشلار ، لىۋاندىكى ئىچكى ئۇرۇشلار ، ئافغانىستاندىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتلەر دۇنياغا دەرس ۋە ساۋاقلار بېرىپ ، « بەزى ئۆز ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان مىللەتلەرنىڭ يەنىلا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قول ئاستىدا تۇرىشى ، دۇنيا تىنچلىقىنى ۋە دۇنيا تەڭپۇڭلۇقىنى قوغداشقا پايدىلىق ئىكەن » دېگەن كۆز قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . شۇڭا بىز بۈگۈنكى دۇنياغا ئۆز ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىشىمىز كېرەك . بۈگۈنكى دۇنيا بەلكى ئافغانىستاندا يۈزبەرگەن ۋەزىيەتلەرنىڭ بىزدىمۇ تەكرارلىنىشىدىن ئەندىشە قىلىشى مومكىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستاندا ۋەتەننىڭ قانۇنى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلاردىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتقان خەنزۇلار ياشىماقتا . بۇ ئەھۋال كەلگۈسىدە مىللىي مە سىلىنى ۋە مىللەت ئوتتۇرسىدىكى توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مومكىن . دۇنيانىڭ بۇ ھەقتىكى ئەندىشىسىمۇ بولۇشى ئېھتىمال . شۇڭا قۇرۇلماقچى بولغان جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ دۆلەت سىستېمىسى ، دىن بىلەن دۆلەت مۇناسىۋىتى ، مىللەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ پىرىنسىپلىرى ۋە بۇلارغا

مۇناسىۋەتلىك باشقا تەرەپلەرنى ئېنىق بەلگىلىگەن ، « ئاساسى قانۇن لايىھەسى » نى تۈزۈپ چىقىپ ۋە دۇنياغا ئېلان قىلىپ ، بىزنىڭ مەدەنىي ، دېموكراتىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇپ چىقالايدىغانلىقىمىزنىڭ ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان پۈتۈن مەسىلەرنى دېموكراتىك مەسىلەر بويىچە ، قانۇنى ئاساستا ھەل قىلالايدىغانلىقىمىزنىڭ بەشارىتىنى بېرىپ ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئىشەنچىسگە ئىگە بولۇشىمىز زۆرۈر . دېمەك ، « ئاساسى قانۇن لايىھەسى » تۈزۈپ چىقىش مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ، بولۇپمۇ ۋەتەن سىرتىدىكى ھەرىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر . « ئاساسى قانۇن لايىھەسى » نىڭ تۈزۈلۈپ چىقىپ ، ئېلان قىلىنىشى ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش نوقتىسىدىن بولسۇن ، مىللىي كۆرۈشىمىزنىڭ سىستېمىلىق داۋام قىلىشى ، زورىيىشى نوقتىسىدىن بولسۇن ، ياكى خىتايدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ئۆزگىرىشكە تەييارلىق قىلىش نوقتىسىدىن بولسۇن ۋە ياكى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ ھەرخىل ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىپ ، ئۇلارنىڭ مىللىي مۇجادىلىمىزگە بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە ياردىمىنى قوزغاش نوقتىسىدىن بولسۇن ئىنتايىن زۆرۈر دۇر .

دېمەك ، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان نۇرغۇنلىغان مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلىرى بولسىمۇ ، ئەمما مەنچە نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي ، تارىخىي ۋەزىپىسى يۇقىرىقى 2 تۈرلۈكتىن ئىبارەتتۇر .

ۋەتەن سىرتىدىكى ئىنقىلابىمىزنىڭ 1 - ۋەزىپىسى غەلىبىلىك ئورۇنلانغاندىن كېيىن ، ۋۇجۇتقا چىققان « مەركەز » مۇتەخەسسىلىرىدىن تەركىپ تاپقان بىر قانۇن كومىتېتى تەشكىل قىلىپ ، بۇ كومىتېت بىزنىڭ



مىللىي ، دىنىي ، تارىخىي ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكىمىزنى چىقىش نوقتىسى قىلىپ ، دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئاساسى قانۇنىدىن پايدىلىنىپ ، قۇرۇلىدىغان جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ « ئاساسى قانۇن لايىھەسى » نى تۈزۈپ چىقىشى مۇمكىن . « قانۇن لايىھەسى » تۈزۈلۈپ چىقىلغاندىن كېيىن ، « مەركەز » ۋەتەن سىرتىدىكى پۈتۈن تەشكىلاتلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن « لايىھە » نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن ، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە مەخپى ھالدا ۋەتەندىكى تەشكىلاتلار بىلەن « لايىھە » ھەققىدە مۇزاكىرە يۈرگۈزۈپ ، ماقۇللانغان « لايىھە » نى قۇرۇلغۇسى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ « ئاساسى قانۇن لايىھەسى » ، دەپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئېلان قىلىش مۇمكىن . مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىز غەلىبە قىلىپ ، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ، مىللەت بۇ « ئاساسى قانۇن لايىھەسى » دىن پايدىلىنىپ ، جۇمھۇرىيەت پارلامېنتىدا يېڭىدىن مىللەتنىڭ ئارزۇسىنى تامامەن ئەكس ئەتتۈرگەن ، سالاھىيەتلىك ، رەسمى ئاساسى قانۇن ۋۇجۇتقا چىقىرالايدۇ . شۇڭا كەلگۈسى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بولسىمۇ ۋاقىتلىق « ئاساسى قانۇن لايىھەسى » نىڭ تۈزۈلۈشى ئىنتايىن زۆرۈر . بۇ ۋەزىپىنى ھازىرقى شارائىتتا ۋەتەندىكى ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ ئورۇنلىشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ ۋەزىپە ھۆر دۇنيادا ، پىكىر ، سۆز ، نەشرىيات ، پائالىيەت ئەركىنلىكى بولغان ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن.

1997 - يىلى 11 - ئايدا گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھرىدە ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق ئاساسلىق تەشكىلاتلارنىڭ ، ياشلار ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى . قۇرۇلتاي جەريانىدا

پۈتكۈل تەشكىلات ياشلىرى ۋەتەن، مىللەت تەقدىرى مەسىلىسىدە پۈتۈن زىددىيەتلەرنىڭ ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، بىرلىك روھىنى نامايان قىلدى. ۋەتەن سىرتىدىكى پۈتكۈل ئىنقىلابچى ياشلار بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشتى، نەتىجىدە ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ مەركىزى ئورگىنى بولغان دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى نى ۋۇجۇتقا چىقاردى. ئەمدىكى مەسىلە، ۋەتەن سىرتىدىكى بۈيۈكلىرىمىزنىڭ بارلىق زىددىيەتلەرنى قايرىپ قويۇپ، بىر مەركەزگە توپلىنىشقا باغلىق بولۇپ قالدى. دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى مۇ يوقىرىقىدەك زۆرۈرىيەتلەرگە ماسلىشىش ۋە تەشكىلاتلارغا تەسىر قىلىپ، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي ۋەزىپىلىرىگە تەييارلىق قىلىش، مىللىي مۇجادىلىمىزنىڭ تايانچ ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش، قۇرۇلغۇسى مەركىزىمىز نى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە قۇرۇلغان ئىدى. شۇڭا دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى مۇ، ۋەتەن سىرتىدىكى ئىنقىلابىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي 2 ۋەزىپىسىنى غەلبىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئۈستىگە چۈشكەن ھەرقانداق مەسئۇلىيەتنى ئورۇنلاشقا تەييار بولۇشى كېرەك.

ۋەتەن سىرتىدىكى ئىنقىلابچىلىرىمىز مەرتلىك بىلەن شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ يادروسى ۋەتەن ئىچىدەدۇر. ئاخىرقى ھېساپتا ۋەتەننى ۋەتەن خەلقى ئازات قىلىدۇ. بىزنىڭ ۋەتەن سىرتىدا تۇرۇپ ۋەتەننى ئازات قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ۋەتەن سىرتىدىكى ھەرىكىتىمىزنىڭ ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئوينايدىغان رولىغا



سەل قاراشقا بولمايدۇ. مىللىي ئازاتلىقىمىز ئۈچۈن ۋەتەن سىرتىدىكى پائالىيەتلىرىمىز ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ۋەتەندىكى ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ، تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ شۇ يەردىكى شارائىت سەۋەبىدىن، قىلالمايدىغان ئورغۇن مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ۋەتەن سىرتىدىكىلەرنىڭ ئورۇنلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ۋەتەن ئىچىدىكىلەر سىرتىدىكىلەرگە ئىشەنچ قىلىشى، ھەمكارلىشىشى، بۇ ئاساستا ئىچكى - تاشقى كۈچلەر بىر پۈتۈنلىككە ئايلىنىشى كېرەك. بۇ پۈتكۈل مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ مۇھىم تۈگۈنىدۇر. بۇنى غەلبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، يۇقىرىقى 2 ۋەزىپىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا باغلىق.

1998- يىلى 6- ئاي، گېرمانىيە